
توختاخۇن ناسرى

# تەشەككۇر



مللەتلەر نەشرياتى

2

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توختاخۇن ناسىرى

# تەشەككۇر

(ھىكايىلەر)

مەسئۇل تەھرىر: ئابدۇللا ئابلىز

مىللەتلەر نەشرىياتى

تەشەككۇر

(هكايىلەر)

توختاخۇن ناسرى

مەسئۇل تەھرىر: ئابدۇللا ئابلز

مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1982 ــ يىل 10 ــ ئايدا 1 ــ قېتىم نەشر قىلىندى

1982 ــ يىل 10 ــ ئايدا بېيجىڭدا 1 ــ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.22 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تەشەككۇر........................ 1
سىرلىق قوچاق........................ 12
ئۇچرىشىش........................ 33
ئۇستاز ........................ 57
پەخىرلىك كىشى........................ 72
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرى ........................ 94
خەت........................108
يول ........................116
بىزنىڭ باشلىق........................125

## تەشەككۇر

كەچ كۇز، مەلۇم بىر ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋىنىڭ كۇزلۇك هوسۇل يىغىش ئىشى ئاياقلىشىپ قالغان مەزگىل. بۇلارغا خوشنا بولغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ تېرىلغۇ مەيدانىمۇ خېلى كۇنلەر بۇرۇن يىغىش ئىشلىرىنى تامامىلاپ كۇزلۇك ئاشلىق ئۇچۇن يەر هەيدىمەكتە ئىدى. هەرbىلەر تېرىلغۇ مەيدانىنى ئايلاپ كەتكەن ئېتىز يولىدا كوپىراتىپنىڭ ئاشلىق باسقان ئىككى ئاتلىق هارۋىسى كېتىپ باراتتى. هارۋىكەش باقى كىملەر بىلەندۇ يىراقتىن ۋاقىرىشىپ بىرنىمىلەر دېيىشەتتى، ئەهۋاللىشاتتى، تىراكتۇرچى بولسا: ”ئەي باقى، قانداق ئەهۋالىڭ؟...“ دېگەندەك قول ئىشارىتى بىلەن ۋاقىرايتتى. هارۋىكەش ئۇنىڭ نىمە دېگىنىنى ئېنىق ئۇقمايلا، ئوز خوشاللىقىنى ئىپادىلەيتتى. چۇنكى تىراكتۇر بىلەن يەر ئاغدۇرىۋاتقان مەيدان تىراكتۇرچىسى يولداش ۋاڭ يولدىن خېلى يىراق ئىدى. ئۇنىڭ نېرىراغىدا بولسا مەيدانىنىڭ ئەر-ئايال دېخانلىرى ئىشلىشىۋاتاتتى. باقى بەك خوشال، ئۇ مەيدان دېخانلىرىنىڭ چەكسىز كەتكەن قارا توپىلىق مەيدانىدا ئىككىدىن-

قاراپ سەلدەك ئاقتى. يولدا توپا-چاڭ كوتىرىلگەنلىگىنى كورگەن ۋاڭمۇ تىراكتورنى توختاتتى-دە، ئوزىنى يول تەرەپكە ئاتتى.

* * *

— ئاستا-ئاستا، — دېيىشتى-دە، باقىنىڭ بويۇنلىرىدىكى تەر بىلەن بىللە ئېقىپ تۇرغان قىپ-قىزىل قانلارنى سۇرتۇشتى. باقى بولسا جىم، پىشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىققان هالدا ئېرىقنىڭ گىرۋىگىدە ئوگدىسىغا هوشسىز ياتاتتى. بىر هازادىن كېيىن هوشىغا كېلىپ كوز ئالدىدا تىراكتورچى ۋاڭ بىلەن يەنە بىر ئايالنى كوردى. هارۋىسى يولنىڭ چېتىدىرەك يېنىچە بولۇپ، تاغارلىرى يېرىلىپ، مەرۋايىتتەك دانلار توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. هارۋىنىڭ جابدۇقلىرى ئۇزۇلگەن، ئىككىلا ئېتى قاپ-قارا تەرگە چومگەن بولۇپ، ئىچ ئېتى خاقىراپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ، شوتىنىڭ بىر تەرىپىنى باسقانچە تىپچەكلەيتتى. ياندىق ئېتى بولسا بوغا-جاۋەنلىرىنى بويىنىغا سىرتماق قىلغان هالدا هارۋىغا كەينىنى قىلىپ تىپىرلاۋاتاتتى.

* * *

ياتاقنىڭ ئىچى يوپ-يورۇق ۋە تېچ. زالدىكى سائەتنىڭ چېكىلدىغان ئاۋازىلا تېچلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇگۇن باقىنىڭ هەربىلەر تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقىنىغا خېلى كۇن بولۇپ قالدى. تۇنۇگۇن ئانىسى، كوپىراتىپ باشلىقلىرى ۋە مەيدان باشلىقلىرى كېلىپ يوقلاپ كېتىشتى.

ئۆچتىن بولۇپ ئىشلىشىۋاتقانلىقىدىن بىر تۈرلۈك ھوزۇرلۇق ھىس قىلدى. چۈنكى ئۇ مەيدان دېخانلىرى بىلەن خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن ۋە يېقىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەيدان بىلەن كوپىراتىپنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ يېقىن بولۇپ، مەيدان بۇ ياش كوپىراتىپقا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلاتتى. باقى ياندىق ئېتىنى بىر قامچىلاپ قويدى-دە، يولداش ۋاڭ تەرەپكە قاراپ، تاغار توپىسىدە تېزلىنىپ ئولتۇردى ۋە تاماكا خالتىسىنى چىقىرىپ موخۇركا يوگەشكە باشلىدى. ئۇ مەيداننىڭ چەكسىز كەتكەن تېرىلغۇلىقىغا، مەيداننى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتكەن يېڭى ئۆستەڭگە ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە رەت-رەت سېلىنغان، ئاپپاق ئاقارتىلغان ئۆيلىرىگە قاراپ تويمايتتى. كىمنىدۇر بىرسىنى ئىزلىگەندەك يىراق-يىراقلارغا تىكىلىپ قارايتتى. ھارۋىنىڭ ئىچ ئېتىمۇ بىرەر نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، يولنىڭ چەتلىرىدىكى توپ-توپ چىغلاردىنمۇ ئۈركۈپ قوياتتى. مانا، ئۇنىڭغا يونىغان دىگەندەك، ھارۋىنىڭ تاراق-تۇرۇغىدىن ئۈركىگەن بىر توشقان قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقىنىچە يولنى توغرا كېسىپلا چىقىپ قالماسمۇ، بۇنىڭسىزمۇ ئويناقلاپ كېتىۋاتقان ئاتلار ھارۋىنى ئېلىپ قاچتى، باقى "ۋاي!..." دىدى.

— يولداش ۋاڭ!...— بىر دېخان ئۇنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىۋەتتى. لېكىن ۋاڭ تىراكتورنىڭ گۈكرىشى بىلەن ئاڭلىمىغانلىقتىن، ۋاقىراشلار تېخىمۇ كوپەيدى ۋە ۋاقىرىغۇچىلارمۇ يول تەرەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورەتتى؟!_ ھە". ئۇ يېشىنى ئېرتقانچە كوزىنى بىر توچكىغا
تىكتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئۇتمۇشىنىڭ تۇمانلىق، چىگىش
كارتىنىسى ئەكس ئېتەتتى.

* * *

—مۇختار، ئىشكنى ئاچ، ئىشكنى،—دىدى_دە، باقى
ئىككى سىۋەتنى كوتەرگىنىچە ئويگە كىرىپ كەلدى.
قاراڭغۇ، زەي، كاتەكتەك ئوينىڭ كاڭلىق ئۇچاق مانتىسىدا
ئوت سۇنۇپ ئولتۇرغان قېرى ئانا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
بالىسىنىڭ قولىدىكى سىۋەتنى ئالدى ۋە ئوغلىنىڭ مۇزلاپ
كەتكەنلىگىنى كورۇپ:
—ئىسسىن بالام، مۇزلاپ كېتىپسەن ئىسسىنۋال،—دىدى
ۋە دۇمچىيىپ يۇرۇپ، ئوچۇپ قالاي دىگەن ئوتنى كوسەي بىلەن
چوخچىلاشقا باشلىدى.
—بولدى ئاپا، مۇزلىمىدىم، ئانچە سوغ يوقىقۇ،—ئوچۇپ
...الغان ئوتنى كورۇپ باقى خىجالەت بولغاندەك بولدى ۋە
...ۇزلىغانلىغىنى بىلدۇرمەسلىككە سالدى، بىراق، كالپۇكلىرى
...كورۇپ، ياڭاقلىرىدىكى سېرىق تۇكلىرى تىك_تىك بولۇپ
...تكەن ئىدى. چۈنكى سوغاقمۇ شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى،
...ىنىڭ ئىشىك بېشى ۋە كىچىككىنە دەرىزىسىنىڭ رام_كىشەك_
...ى ئارىسىدىن سوغاق كىرىپ ئاپپاق قىرو بولۇپ كەتكەن
...ى.
—كېرىمجان باققالدىن ئىككى يۈز ئالما ئەكەلدىم،—دىدى

— شۇكرى، بۇگۈن ئوبدانلا بولۇپ قاپتىمەن، ئەمدى چىقىپ كەتسەممۇ بولار؟! — دىدى سىستىرا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بىرىپ باقى.

— بولىدۇ، ھىچ قورقىقۇدەك ئىش بولمىدى ياخشى، ئەمدى ئەمگەككە قاتنىشىۋەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، پۇتنىڭ چىقىپ كەتكىنى ئانچە چوڭ خەۋپ ئەمەس، باشقا يەرلەردىكى جاراھەتلىرىڭىزمۇ ساقايدى، ئانىڭىزنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى-ھە؟

— ھە، نىمىسىنى دەيسىز، قىرى ئانام، ئەسقىتىپ قالغان ئوغلۇم مىنى ناكا بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقتى-دە، — دىدى باقىمۇ ئويچان ھالدا قىزغا قاراپ.

— ئۇغۇ شۇنداققۇ، يىغلىمىسىلا چوڭنا دىسەكمۇ زادىلا ئۇنىمايدۇ قاراڭ، — دەپ پىخىلداپ كۈلۈپ، تېلىفون كىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقىپ كەتتى قىز.

باقى ھازىر تىڭشىلغان بىشىنى سىلىق سىلاپ كوردى-دە، يىتىشقا باشلىدى. پۇتىنى مىدىرلىتىپ كوردى، ئاغرىقى ئانچە بىلىنمىدى، سەللىمازا ساقايغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەندەك بولدى-دە، "بۇ بەختىنى كىم بەردى-ھە؟ ئوتمۇشتە بۇنداق دوختۇرخانىلاردا يىتىش مۇمكىنمىدى؟..." دەپ ئويلىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغۇدەك غەيرەت بىلەن بىشىنى كوتەردى ۋە تامدىكى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە كوزى چۈشتى، ئىككى قولىغا تايىنىپ كارۋاتتا يىرىم ئولتۇرغىنىچە كوزىدىن ياش كەتتى: "ئوتمۇشتە كىم بىزنى مۇشۇنداق ئادەم قاتارىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ شۈكرى، بۈگۈن ئوبدانلا بولۇپ قاپتىمەن، ئەمدى چىقىپ كەتسەممۇ بولار؟! ــ دىدى سىپىستىرا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بىرىپ باقى.

ــ بولىدۇ، ھىچ قورقۇدەك ئىش بولمىدى ياخشى، ئەمدى ئەمگەككە قاتنىشۋەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، پۇتىڭىز چىقىپ كەتكىنى ئانچە چوڭ خەۋپ ئەمەس، باشقا يەرلەردىكى جاراھەتلىرىڭىزمۇ ساقايدى، ئانىڭىزنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى ـ ھە؟

ــ ھە، ئىمىسىنى دەيسىز، قىرى ئانام، ئەسقىتىپ قالغان ئوغلۇم مىنى ناكا بولۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقتى ـ دە، ــ دىدى باقىمۇ ئويچان ھالدا قىزغا قاراپ.

ــ ئۇغۇ شۇنداققۇ، يىغلىمىسىلا چوڭنا دىسەكمۇ زادىلا ئۇنىمايدۇ قاراڭ، ــ دەپ پىخىلداپ كۈلۈپ، تېلېفون كېلىپ قالغانلىغىنى ئاڭلاپ چىقىپ كەتتى قىز.

باقى ھازىر تېڭىلغان بېشىنى سىلىق سىلاپ كوردى ـ دە، يېتىشقا باشلىدى. پۇتىنى مىدىرلىتىپ كوردى، ئاغرىغى ئانچە بىلىنمىدى، سەللىمازا ساقايغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەندەك بولدى ـ دە، "بۇ بەختنى كىم بەردى ـ ھە؟ ئوتمۇشتە بۇنداق دوختۇرخانىلاردا يېتىش مۇمكىنمىدى؟..." دەپ ئويلىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغۇدەك غەيرەت بىلەن بېشىنى كوتەردى ۋە تامدىكى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمگە كوزى چۈشتى، ئىككى قولىغا تايىنىپ كارۋاتتا يېرىم ئولتۇرغىنىچە كوزىدىن ياش كەتتى: "ئوتمۇشتە كىم بىزنى مۇشۇنداق ئادەم قاتارىدا



كورەتتى؟! ـ ھە". ئۇ يېشىنى ئېرتقانچە كوزىنى بىر [illegible] تىكتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئوتمۇشىنىڭ تۇمانلىق، چىگىش كارتىنىسى ئەكس ئېتەتتى.

* * *

ــ مۇختار، ئىشكنى ئاچ، ئىشكنى، ــ دىدى ـ دە، باقى ئىككى سىۋەتنى كوتەرگىنىچە ئويگە كىرىپ كەلدى.

قاراڭغۇ، زەي، كاتەكتەك ئوينىڭ كاڭلىق ئوچاق مانتىسىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇرغان قىرى ئانا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بالىسىنىڭ قولىدىكى سىۋەتنى ئالدى ۋە ئوغلىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ:

ــ ئىسسىن بالام، مۇزلاپ كېتىپسەن ئىسسىنىۋال، ــ دىدى ۋە دۇمچىيىپ يۇرۇپ، ئوچۇپ قالاي دىگەن ئوتنى كوسەي بىلەن چوخچىلاشقا باشلىدى.

ــ بولدى ئاپا، مۇزلىمىدىم، ئانچە سوغ يوققۇ، ــ ئوچۇپ قالغان ئوتنى كورۇپ باقى خىجالەت بولغاندەك بولدى ۋە مۇزلىغانلىغىنى بىلدۇرمەسلىككە سالدى، بىراق، كالپۇكلىرى كوكۇرۇپ، ياڭاقلىرىدىكى سېرىق تۈكلىرى تىك ـ تىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى سوغاقمۇ شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، ئوينىڭ ئىشىك بېشى ۋە كىچىككىنە دەرىزىسىنىڭ رام ـ كىشەكلىرى ئارىسىدىن سوغاق كىرىپ ئاپپاق قىرو بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ــ كېرىمجان باققالدىن ئىككى يۈز ئالما ئەكەلدىم، ــ دىدى

باقى مىيىغىدا كۈلۈپ، ئانىسىغا قاراپ.

— ۋىيەي، بىچارىيەي، بېرىپتۇ-ھە، ياخشى، خويما ياخشى بوپتۇ بالام، — دېدى ئانىسىمۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ۋە سىۋەتكە قارىدى.

— بازارغا چاپسانراق ئېلىپ چىقاي ئاپا. خېلى ۋاخ بولۇپ قالدى، — باقى سىۋەتنى ئاۋايلىغىنىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا — كىگىز ئۈستىگە توكتى ۋە ئانىسىنىڭ قولىدىكى سۇنۇلغان پارچە لاتىنى ئېلىپ ئالمىلارنى سۈرتۈپ پاقىرىتىشقا باشلىدى. ئويۇقتىكى سامان قەغەزلەر بىلەن بىر دوۋىنىدىن قىلىپ چىرايلىقلىرىنى يوگەپ، ئۇنى ئايرىم سىۋەتكە كونا باققاللاردەك زوقمەنلىك بىلەن تىزدى. ئۇ بازارغا مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇ ئالمىنى مىڭ تەسلىكتە كېرىمجان باققالدىن نېسىگە ئالغان ئىدى. باقى ئائىلىسىدىكى ئۈچۈيتەك ئادەم ئۇنىڭ قولىغا — باقىنىڭ قولىغا قاراپ قالغان ئىدى. بۇ يىل يېزىچە خەقلەرگە مەدىكار ئىشلەپ تاپقان نەرسىسى بىلەن قىشتىن چىققىلى بولمايتتى. ھازىر كەچ كۈز ۋاقتى ئەمەس، زىمىستان قىش. ئوقەتنىڭ تايىنى يوق. بېشى تازا قاتتى. ئاخىرى كېرىمجان باققالغا چىراي ساغارتىپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئىككى يۈز ئالمىنى نېسىگە ئالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىسىمۇ چاغلىق ئىدى. لېكىن قانداق بولمىسۇن بۇ ئۇنىڭغا بىكار يۈرۈشتىن ياخشى تىرىكچىلىك ئىدى.

باقى ئالمىسىنى بازارغا ئېلىپ چىقىشقا بەك ئالدىراۋاتاتتى،



ئۇ ئالمىنىڭ يېرىمىنى قەغەزگە يوگىمەيلا سىۋەتكە سالدى. ئىنىسى بولسا كورسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بۇرنىنى كوچىلاپ ئالمىغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە تەلمۈرۈپ، تۈكرۈكلىرىنى غۇرت-غۇرت يۇتاتتى، كالپۇكلىرىنى تامشىپ قوياتتى.

— ھوي، نىمانچە كوزۈڭ تېشىلگۇدەك قارايسەن. كوچىلىما بۇرنۇڭنى! مە، مۇنۇنى يە، بۇلارنى ئاكاڭ ساتسۇن، — دېدى ئانىسى بىر تال ئالمىنى ئېلىپ مۇختارغا بېرىپ. ئۇ خوشال بولۇپ، قولىنى مەيدىسىگە سۈرتتى-دە، دەررۇ ئالمىنى ئالدى ۋە ئۇ ياق-بۇ يېقىنى ئايلاندۇرۇپ كورۇپ، سېسىغىنى كوردى. ئۇنىڭ چىرايى يەنە پۈرۈلدى.

باقى بىر سىۋەتكە كونا تاغار، ئىككىنچىسىگە بىر پارچە كىگىز ياپتى-دە، ئېلىپ مېڭىشىغا، ئانىسى بىر سىقىم كېپەك بىلەن ئىسرىغداپمۇ ئۈلگۈردى ۋە كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتقىنىچە كوزىگە ياش ئالدى. كىچىك ئوغلى ئالمىنى غاجىلىغىنىچە قەغەز چاپلانغان دەرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالقاندەك ئەينەكتىكى قىرونى تاتىلاپ، ئاكىسىغا قاراپ قالدى...

باقى ئەپكەشلىرىنى لىككىلدىتىپ كېتىپ بارىدۇ. بازاردا بولسا ئادەتتىكى يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق. ئۇ ئالمىچىلار ئارىسىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئالمىچىلار بىلەن ئەھۋاللاشتى، تېپچىلىق سوراشتى... ۋە سىۋەتنى رەتلەپ قويۇپ، ئالمىنىڭ چىرايلىق ئۇسخىلىرىدىن تاغارنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويدى. قوللىرىنى ئۇگىلاپ-ئۇگىلاپ، ئارىلاپ پۇدەپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېڭىنىڭ ئۇچىغا تىقىش بىلەن ئوتىگىنىڭ ئۇكچىسىنىمۇ بىر بىرىگە ئۇراتتى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن خېرىدار كۈتەتتى، ئەمما بىرمۇ ئادەم بۇنىڭ ئالمىسىنى سورىماقتا يوق، قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ سۆۋىتىنى تېخىمۇ ئالدىغىراق چىقىرىپ، ئالمىسىنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈپ-سۈرتۈپ، بىر ئۆزىنىڭ ئالمىسىغا، بىر يېنىدىكىلەرنىڭ ئالمىسىغا قاراپ قوياتتى. كوز ئالدىغا ئۆيى، تولاراق كېرىمجان باققال كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تېخى بىرقانچە قېتىم بېرىش كېرەك-تە، ئەلۋەتتە! باشقا خېرىدارلارنى قىچقىرىپ كورستىشكە نومۇس قىلدى. مانا ئەمدى سودا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ناماز پېشىنىگىچە ئاران يىگىرمە-ئوتتۇزچە ئالما ساتتى.

بىر چاغدا پاكار بويلۇق، شەپكىسىنى كوزىگە كىيگەن، چىرايى سورۇن بىر ئەپىتسەر كەلدى.

— ھەي، ئالما قانچە، — دەپ يېپىپ قويغان تاغارنى قايرىپ ئالمىلارنى كورۇشكە باشلىدى، قانداقتۇ يالتىراق سېرىق رەختىن تىكىلگەن توت يانچۇقلۇق شىم-تۇجۇركىسى ئۇنىڭ گەۋدىسىگە ھىم كەلمىگەن ئىدى. سېرىق لاتىغا يوگۇلۇپ قېپىغا سېلىنغان ناگاننىڭ كىر پايىنگىنى بويلاپ چۇشكەن يىپەك بېغى ساڭگىلاپ تۇراتتى، باقى ئۇز باھاسىنى ئېيتتى ۋە ياخشىراق ئالمىسى بار سۆۋەتنى توسۇپ، ئۇستىنى چاققانلىق بىلەن يېپىپ قويدى. ئەپىتسەر تەتۈرسىچە شۇ سۆۋەتتىكى ئالمىلار بىلەن يانچۇقلىرىنى لىق توشقۇزدى ۋە ئالدىراپ سۆۋەتكە بىرقانچە دوللار تاشلىدى.



— بولمايدۇ، بولمايدۇ، بۇشىڭ! — دىدى باقى ئالمىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، — توتتىن بىرىنىڭ ھەققىنى بەرگەنلىگىنى كورۇپ. ئەپىتسەر بولسا، شامال ئارىلاش ئۇرۇۋاتقان قاردىن ھامان ئۆزىنى توساپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇراتتى.

— بولمايدۇ، پۇگەن، يەنە ئازراق بېرىڭ، — دىيەلىدى باقى ئۇنىڭ كوزىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئەپىتسەرنىڭ بۇرۇنلىرىدىن سېرىق سۇ ئېقىپ، قېلىن كالپۇكى كوكەرگەن ئىدى، چورىسى قىزارغان كوزىنىڭ ياشاڭغۇراپ تۇرۇشىغا قارىماي، بۇرۇنلىرىنىڭ سۇيىنى ئېقىتىپ، ھە دەپ تېرىكىپ، ئاخىرى سۆۋەتنى تەپتى ۋە يامان تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى... ئاخىرى قارغا مىلىنىپ كەتكەن ئالمىنى تېرىۋاتقان باقىنى كەينىدىن كەلگىنىچە بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى... ۋاراڭ-چۇرۇڭ كوتىرىلدى، خەلق ئوتتۇرىغا چۇشۇشكە ئەپىتسەر جاھىللىق قىلىپ، بۇ ئىش يوغانلا جىدەلگە ئايلاندى. باقى ئۇنىڭ بىلەن كىكىرتەك سىقىششىنى ياكى ئالما بىلەن سۆۋەتنى تاشلاپ قېچىشنى بىلمەي، خەلق ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئۆزىنى تاياقتىن قوغدايتتى. ئەپىتسەر كورەلمىگەندەك قىلىپ ناگىنىنى قولىغا ئېلىپ ئەپسانە تىللارنى يەنە ئىشلىتىشكە باشلىدى، بۇ قېتىم ئۇ باقىنىلا ئەمەس، ئوتتۇرىغا چۇشكەن خالىسلارنىمۇ تىللايتتى.

رىمىننى قولىدا پۇلاڭلاتقان پېتىچە كوچا ساقچىسىمۇ پەيدا بولغاندا، خەلق بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تولۇق-توغرا چۇشەن-

دۇردى. ئۇ ئارىلاشقانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايلا، باقىغا دىۋەيلىدى، ئەپتىسەر تىزىكىپ ساقچىغا بىر نىمىلەر دىدى، ساقچى ئۇنىڭ سوزىگە جاۋاپ بەرگەندەك باقىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئارقىدىن ئەپتىسەرمۇ بىرنىمىلەرنى دەپ ۋاقىراپ تىللاپ ماڭدى. باقىنىڭ كوز ئالدىغا ئۆيدە ئاچ ئولتۇرغان ئانىسى، ئىنىسى ۋە كىرىمجان باققال كەلدى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، تېخى ناشتا قىلمىغىنى ئۈچۈن پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، كوز ئالدى قاراڭغۇلاشتى...

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. باقىنىڭ ئانىسى سىۋەتلىرىنى ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ يېزىدىكى تۇققىنىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى...

...زالدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ باقىنىڭ خىيالىنى بولۇۋەتتى.

* * *

ئۇ ئىشىك تەرەپكە قارىۋىدى، يولداش ۋاڭ غۇلچىنى كەڭ كېرىپ، كۈلۈپ كىرىپ كېلىۋاتاتتى. باقىمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ۋاڭنى بوينىدىن قۇچاقلاپ مەھكەم قىستى ۋە ھەر ئىككىسىلا يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە يېقىشتى. ئاخىرى باقى كوز يېشىنى سۈرتتى. بۇ ياش پۇتمەس-تۈگمەس خوشاللىق يېشى ئىدى. ۋاڭ باقىنىڭ تولۇق ساقىيىپ كەتكەنلىگىدىن بەكمۇ خوشال بولغان ئىدى...

باقى ھارۋىسىغا چۈشۈپ ئولتۇرغاندا، سىپىستىرا قىز بىرقانچە بولاق دورا ئەپچىقىپ كۈنىگە قانچە قېتىم ئىچىدىغانلىغىنى



ئۇنىڭغا تولۇق ئۇقتۇرۇپ دورىنى بەردى. باقى ماڭغاندا ۋاڭ، سىپىستىرا قىز ۋە بىرقانچە يولداش قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۈلۈشكەن ھالدا ئۇزىتىپ قېلىشتى.

ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ھارۋا شوتىسىنىڭ يېگىلىنىپ قالغانلىغىغا كوزى چۈشتى. ئۇ يەنە دەرھال كەينىگە قارىغىنىدا، تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاپپاق ئىمارەت ئالدىدا ۋاڭ ۋە مەيدان ياغاچچىسى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تېخىچە قاراپ تۇراتتى...

باقىنىڭ يۈرىگىدە ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كۈچلۈك بىر ھاياجان دولقۇنلاندى. ئۇ ئىختىيارسىز قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئورلىگەندەك بولدى ۋە كوزلىرىدىن ئاللىقانداق بىر مەنىلىك ياش تامچىسى ئېتىلىپ چىققىنىنى ئوزىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ ياش تامچىسى ئۇنىڭ چوڭقۇر تەشەككۇرىنى ئىپادە قىلاتتى.

1955 - يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سىرلىق قوچاق

—خوش، قانداق بولدى ھەدە، راستىمكەن ياكى باشقا كىشىنىڭ بولۇپ چىقتىمۇ؟ —رايون كادىرى كۈلۈمسىرەپ قارىدى. نىساخان ئاچا گەپ قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلۋىدى، ئوغلى قاسىمجان ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى سۆزلەپ كەتتى:

—كادىر ئەپەندىم، بىز تېخى بۇ ئىشنى ئېنىقلىيالمىدۇق، ئەمما كوپېراتىپتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۆز ئىچە-مىزدىن بىرسىنىڭ ئىشىدەك تۇرىدۇ.

ئەمدى نىساخان ئاچىمۇ تېچ ئولتۇرالمىدى، ئۇ:

—ئۇكام، سىلەر بىر ئوبدان كېلىشتۇرۇپ، قېتىپ بېرىۋاتى-ساڭلار، بىز يەنە شۇ ئىشنى قىلارمىدۇق، —دەپ داكا ياغلىقنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە ئاپاردى.

نىساخان ئاچىنىڭ يىغا ئاۋازى بولۇمگە ئاڭلىناتتى.

—ماقۇل، ئۇنى بىز ئۆزىمىزمۇ ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ باقايلى، ئىسمى كىمدا؟ —دەپ سورىدى كادىر، ئۇنىڭ قولىدا قەلەم تەۋرىمەكتە ئىدى.



—غولام ئىبراھىم.

—بولدى ئەمىسە، سىلەر قايتىۋېرىڭلار، —دېدى كادىر.

—ئەپەندىم، ئۇ بىچارە بىرەر بالاغا قالمىسۇن يەنە، ۋاي-ۋۇي، تۆھمەت دېگەن ناھايىتى گاڭگىرىتىدىكەنغۇ ئادەمنى، —دېدى نىساخان ئاچا ئەندىشە بىلەن.

—خاتىرجەم بولسىلا ئانا، ئۇ كىشىگە ھېچ گەپ كەلمەيدۇ.

كادىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىپ ئورنىدا ئولتۇردى ۋە تاماكا چەكتى. ئاغزىنى ئىسقا تولدۇرۇپ، شار شەكلىدە پۈدىدى-دە، خىيالغا كەتتى: "توختا، ئۇنىمۇ دېدىم، بۇنىمۇ دېدىم، كومىتېتتىن بۇنداق مەسىلىلەرگە ئانچە ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بىراق شۇ قوراغا قانداق تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاش كېرەك، شۇ ۋاقىتتىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ دېگەن، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىشى بولماي قالسا قانداق بولار؟ ئەتە يەنە كوپېراتىپقا خەت يېزىپ باقارمەن. بۇ بىچارى-لەرگىمۇ ئىشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى كوپېراتىپنىڭ ئوتكەنكى تونۇشتۇرۇشىدا، 'ئاكتىپ، ئاقكۆڭۈل دېخان، پارتىيىگە كىرىشكە نىشانلانغان' دېيىلگەن." كادىر تاماكىسىنى ئىككى قېتىم پۈدىۋېتىپ يەنە خىيال قىلدى: "شۇنداقمىغۇ دەيمەن، كىم بىلىدۇ، بەلكى... ئەگەر بۇلار قىلغان تەقدىردىمۇ، قورۇق قوچاقنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى. ھەي، پەقەت خۇراپاتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستە..."

نىساخان ئاچا ئوغلى قاسىمجان بىلەن رايوننىڭ شەرققە

قاراپ تۇرغان يېشىل سىرلىق يوغان دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا، قۇدىسى ياقۇپ خوتۇنى ئايىمخان بىلەن بىللە كىرىپ كەتتى. نىساخان ئاچىسىنىڭ سالىمىنى ياقۇپ ئاكام ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئىلىك ئالغاندەك بولدى. لېكىن خوتۇنى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، نىمىلەرنىدۇ دەپ كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— سىز كىمىڭىزنى ئەخمەق قىلىسىز ئۇكام، — دېدى ئايىمخان ئىدارىگە كىرىپ، ئۇلتۇرا-ئۇلتۇرمايلا كادىرغا ۋاقىراپ. قۇدىلىرىنىڭ بالدۇر كېلىپ، كېتىپ قالغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشقاندەك قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ياڭاقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى، — ئۇنىڭغا بىر ياڭزا، بىزگە بىر ياڭزا گەپ قىلىپ...

— نىمە بولدىڭىز، توختاڭ، ھېچكىم ھېچكىمنى ئەخمەق قىلمىدىغۇ ھەدە، دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ. ئالدىرىماڭ، — دېدى-دە، كادىر بىر ئىستاكان چاينى قۇيۇپ، ئايىمخاننىڭ ئالدىغا قويدى، — ئۇسسۇلۇق ئىچىڭ.

— ئەخمەق دېگەن مۇشۇ ئۇكام، ۋاي قىزىڭلارنى قېتىپ بېرىڭلار، دېدىڭلار، خوپ دېدۇق، بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ، يەنە بۇ ئىشنى كەينىگە سورەۋاتىسىلەر، ئەخمەق قىلغان بولماي نىمە!

ياقۇپ ئاكىمۇ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى.

— ھەممىسى سىلىنىڭ كاشىلاڭلار، — دېدى ئايىمخان ئېرىگە ۋاقىراپ.



— ئالدىرىماڭ ھەدە، قىزىڭلارنى قوشۇپ بېرىڭلار، دېگەن بولساق يامان قىلمىدۇق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇشۇ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ مەيلى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىڭىزنىڭ بويىدا بار ئىكەن، لېكىن بۇ ئىش تويۇقسىزلا يۈز بەردى. مېنىڭچە بۇ ئىشنى قاسىمجان قىلغان ئەمەس، ئانىسىنىڭ قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قاسىمجان ياخشى بالا، ئاكتىپ دېخان، كۆيوغلۇم بار دېگۈچىلىكى بار، بىر كوپىراتىپتا بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە سىلەر مېنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىسىلەر.

— ۋىيەي، بۇنى بىكار ئىش دەيسىز، بىرسى سىزگە شۇنداق قەست قىلىپ باقسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

كادىر كۈلدى ۋە:

— ھەدە، مەسىلىنىڭ باش-ئايىغى چىقىمىچە بىرئاز سەۋر قىلىپ تۇرسىلا، بىز سىلەرنى يەنە ئوبدان، بۇرۇنقىدەكلا كېلىشتۇرۇپ قويىلى، قانداق؟

— يەنە سورۇلۇپ يۈرىدىكەنمىز-دە، — دېدى ياقۇپ ئاكا ۋە:

— بۇ بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس، ئىش ۋاقتى تۇرسا، — دەپ قېتىپ قويدى.

— راست، ئىش ۋاقتى بۇ، شۇنداقتىمۇ بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، سىز زادى ئىشىڭىزدىن قالماڭ، بىزمۇ بۇ قېتىم ھەممە ئىشنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىلى، قانداق ھەدە! قىزىڭىزمۇ ھازىرچە ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

— تۇردۇ، تۇرماي، خىيالىڭىزدا ھازىرلا مەشەدە قېتىپ

بىردۇ دەمسىز؟

— شۇنداق ھەدە، ھەممە كىشىنىڭ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق، "قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق" دەپتىكەن. قاسىمجانمۇ نىساخان ئاچىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن، ئۇ بىچارە مومايغىمۇ ئۇۋال، نىمىدىگەن ئاۋارىچىلىق، كوڭۇل ئاغرىقى...

— ئۆزىنىڭ شورى، ئوغلىغا گەپ ئۇقتۇرمىسە بۇ ئىشلار يوق.

— بىز ئۇنداق چۈشەنسەك بولمايدۇ، قانداق ياقۇپ ئاكا، توغرىمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ئۇكام، شۇندىمۇ... ھەي...

— زادى ئۇكام، بۇ قېتىم يەنە مۇشۇنداق ئاۋارە بولىدىغان بولساق، بىزمۇ گېپىمىزنى دەيدىغان يەرگە بېرىپ دەيمىز.

— ناھايىتى ياخشى، ئۇ چاغدا ئەرزىڭىزنى مەن ئۆزەم يېزىپ بېرىمەن ھەدە، — كادىر كۈلۈمسىرەپ، ياقۇپ ئاكامنىڭ غولىغا قولىنى سىلىپ ئىشىكتىن بىللە چىقتى.

كادىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا كىرىپ كەتتى.

قاسىمجان يولدىشى بىلەن ياخشى ئىدى، ئوتتۇرىغا سوغاقچىلىق سالغان پەقەت قېينانىسى ئىدى. قېينانا بىر كۈنى مېھماندىن قايتىپ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىردى، كىر يۇيۇۋاتقان قىزىنى كوردى-دە، قوپقا چېچى تىك بولدى، "نىمە ئانچە ئەسكىلىك بۇ، ھىلىتىن مۇنچىلىك قىلىدۇ، ئەتە-ئۆگۈن ئىش بار ئىكەن-دە" دەپ كايىشقا باشلىدى ۋە "دەللەك قېنى؟" دەپ قۇدىسى نىسا-



www.uyghurkitap.com

خان ئاچىغا ئاھانەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا كېلىنىگە سۇ توشۇپ بېرىۋاتقان نىساخان ئاچا سۇ كوتىرىپ قوراغا كىردى ۋە بۇ ئاھانەتلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىغىنى بىلدى. بىراق ئۈندىمىدى، ئەكسىچە قۇدىسى ئايىمخانىغا سالام قىلدى. ئايىمخان بولسا، ئۆزىچە غالۋاراپ قىزىنى كەچقۇرۇن ئۆيگە بېرىشقا تاپىلاپ چىقىپ كەتتى. نىساخان ئاچا چىلەكلەرنى يەرگە قويۇپ نىمە دەپ، نىمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى...

شۇنىڭدىن بېرى ئايىمخان قىزىنى ئۆيىگە سولىۋالدى. ئارىدىن بىر ئاي ئوتتى، نىساخان ئاچا بىلەن قاسىمجان بىرقانچە قېتىم بارسا، كىكىرتىكى بىلەن تەڭ گەپكە تويغۇزۇپ قايتۇرىۋەتتى. ئاخىرى ئايىمخان ئۆزى رايونغا ئەرز قىلدى. دەۋادا ئەيىپ ئايىمخانغا قويۇلۇپ، قىزىنى قېتىپ بەرمەكچى بولۇپ پۈتۈشكەن ئىدى. بىراق كوپ ئوتمەيلا بۇ قوچاق ھادىسىسى يۈز بەردى.

ۋەقە مۇنداق ئىدى.

*    *    *

— دوختۇر! — دەپ قوياتتى غولام ئاكا ۋە ئادىتى بويىچە سوزىنىڭ ئارىسىدا "ئەي ئىگەم" دەپ قوياتتى.

غولام ئاكىنىڭ "دوختۇر" دەپ بىر تۈرلۈك ئېيتقىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولمايتتى. مانا، تونۇش بولغان بۇ ئادەمنىڭ ئانچە كوپ ئاغرىغىنىنىمۇ بىلمەيمەن. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا "دەيفۇ" دىگەن سوزلىرىنى ئاڭلايتتىم. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش

كېرەككى، غولام ئاكا بىر ۋاقىتلاردا گەزمال ساتىدىغان سودىگەرلەر ئارىسىدا دەللاللىق قىلاتتى. مۇشۇ ۋاقىتلاردا دەيفۇلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى بىلمەن، چۈنكى دەيفۇلار باي ئىدى، ئۇلار پۇل تېپىشنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار مۇھىم ماللارنى بېسىپ قويۇپ، تازا ۋاقتى كەلگەندە بىرنى 2—3 باھادا ساتاتتى. بۇ خىل ئىشلارنى غولام ئاكىدەك دەللاللارسىز قىلالمايتتى-دە، غولام ئاكىنىڭ بەزى يوتەللىرىنى كورۇپ ئانچە-مۇنچە بېرىپ قويغان دورىلىرى پايدا قىلىپ قالغان بولغىيدى ئەتىمالىم... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەيفۇ بىلەن دوختۇر دىگەن سوزنى باشقا-باشقا ئاھاڭدا ئېيتاتتى، لېكىن ئىككىسىنىڭ بىر مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

غولام ئاكا يېقىن ئارىدىلا كىزىك ئاغرىقى بىلەن ئاغرىدى. ئۇنى كوپىراتىپ مۇدىرى قۇربانجان يوقلاپ كەلدى.

غولام ئاكا، — دىدى قۇربانجان ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، — مۇنداق يېتىۋەرمەڭ، دوختۇرغا كورۇنۇڭ، بولمىسا ئۈزىمىز ئاپىرىپ كورسىتەيلى.

— ۋاي ئۇكام، بۇيرۇغاننى كورەرمەن... ئەي ئىگەم، — غولام ئاكا تىترەپ تۇرۇپ بىر يۇتۇم ئۇسسۇلۇق ئىچتى-دە، چېچى ئۇسۇپ كەتكەن دوقا بېشىنى تەكىيگە قويدى.

— خەير، ئارام ئېلىڭ. مەن قايتاي، — دىدى ئەمدى ئارتۇق گەپ يىمەيدىغان غولام ئاكىنىڭ مىجەزىنى بىلگەن قۇربانجان. ئۇ قورادا ئىدى، ئالدىغا ھەسەن بىلەن ھۆسەن



يولۇقۇپ قالدى.

— قۇربانجان ئاكا، تۇلۇققا ئات مىنىدىغانغا چىقايلىمۇ، — دىدى ھەسەن، ئىنىسى ھۆسەنمۇ بىر نىمە دىمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، قۇربانجاننى ئۈزىتىپ چىقىپ كېلىۋاتقان مايسەمخاننى كورۇپلا جىم تۇرۇپ قالدى.

— بىكارمۇ سىلەر؟ — دىدى قۇربانجان ھەسەنگە قاراپ، مايسەمخان قۇربانجاننىڭ سوزىنى بولۇپلا:

— ياق ئۇكام، بۇلار ئالما سېتىۋاتىدۇ، ئۇيدە باللارغا قارايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— بېشىڭنى يەيدىغانلار! — دىدى مايسەمخان ھەسەن بىلەن ھۆسەنگە قاراپ قۇربانجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئۈز بېشىمچى بولۇپ كېتىشكىنىڭنى، توختا، ئۇيگە كىرىشەرسەن.

بۇ باللار غولام ئاكىنىڭ ھەدىسىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئىدى.

— كەتتىما، — دەپ سورىدى تامغا يولىنىپ ئولتۇرغان غولام ئاكا بوۋىغىنىڭ يىغىسىنى بەزلەپ كىرىپ كېلىۋاتقان يولدىشىغا قاراپ.

— ھەئە، كەتتى. ئاۋۇ ئىككى ساراڭ تۇلۇقنى ئات قىلىپ مىنىپ بېرەيلى دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتىكەن، تىللاپ چىقىرىۋەتتىم، ئۇ يېتىم ئوغلاقلارنى كوزۇمدىن يوقىتىڭلارچۇ؟ ئۇزەمنىڭمۇ يېتىشىدۇ.

— نەگە يوقلىدۇ؟

ئۇلار ئۇزئارا گەپ تەگىشىپ كەتتى. سىرتتا بولسا شامال چىقىپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

* * *

كۈزنىڭ بىر كۈنى، يامغۇر كوچىلارنى چىلىق-چىلىق پاتقاق قىلىۋەتكەن ئىدى. گۈگۈم چۈشۈش ئالدىدا غولام ئاكا كوپىراتىپ ئىسكىلاتچىسى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

—بۈگۈن ئاخشام مەن بارالمايمەن، بايا قۇربانجانغىمۇ دېۋىدىم، سىزمۇ روزىغا ئايرىم دەپ قويارسىز،—دېدى ھەمرايىغا.

—بولىدۇ، ئېيتىپ قوياي، ئوبدانراق دەم ئېلىڭ.

غولام ئاكا سوھبەتدىشىدىن ئايرىلىپ ئۆيىگە قاراپ يوغان-يوغان چامداپ ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايى غەلىتىرەك بولۇپ، قانداقتۇ بىر ئەندىشە بارلىقى سېزىلىپ تۇراتتى، ئىشتىك ماڭغانسېرى پاتقاقنىڭ كاشىلىسى، چۈنكى غولام ئاكىنىڭ كىچىك قىزى ئاغرىپ قالغان ئىدى. ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. بىراق دەيۇغىلا ئاپارمىدى. باشقىلار دىسىمۇ ئۇنىمىدى، "بەرگىسى كەلگەن بولسا بېرەر، بولمىسا ئالار، ھەي ئىگەم" دەيتتى.

كوپىراتىپ ئەزالىرىدىن بەزىلەر دوختۇرغا ئاپىرىشقا مەسلىھەت بەرسە:

—ياق،—دەيتتى ئۇ،—دوختۇر دىگەن زادى بولمايدۇ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنى كورەلمەيدۇ، ئۇلار تاش يۈرەك



كېلىدۇ، نارەسىدىنىڭ جېنىنى ئاغرىتىپ نىمە قىلاي.

ئۇزى دوختۇرغا كورۈنمەسلىكنىڭ ۋە قىزىنى دوختۇرغا ئاپارماسلىقنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: مۇندىن 4-5 يىل بۇرۇن غولام ئاكا 2-رايون تەۋەسىدە ئولتۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتدا بىر خوشنىسى بېشىدا ئاندا-مۇندا تەمرەتكىسى بار ئوغلىنى ئاتلارنىڭ يېغىرىغا كالاش كويدۇرۇپ بېسىپ ۋە قارا پاتقاق سۈركەپ "مال دوختۇرلۇق" قىلىپ يۈرگەن بىر كىشىگە ئاپارغان، ئۇ دوختۇر ئۇ يان-بۇ يېنىنى كورۇپلا، ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن بۇ بالىنىڭ بېشىغا كوك تاش سۈركەپ:

—ئاپىرىپ ئىسسىق ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، بىرئاز ئاۋارە بولىدۇ، يىغلايدۇ، ئاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ،—دەيدۇ.

ئاتا-ئانا دوختۇرنىڭ دىگىنىنى قىلىدۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئانىسى بالىسىغا قاراپ، "ئەجەپ ئوبدان ئارام ئېلىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ" دەيدۇ، بالىنىڭ ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتكىنىدىن ئەندىشە قىلغان ئانا ئويغىتىش ئۈچۈن مىدىرلاتسا، بالىسى ئاللىقاچان قېتىپ قالغان...

ئاتا-ئانىنىڭ قىيا-چىيا، يىغا-زارىدىن خولۇم-خوشنىلار ھەيران بولۇپ كىرىپ كېلىشىدۇ، ئەھۋالنى تولۇق ئۇقۇشىدۇ. كېيىنرەك.بۇلار "دوختۇر" غا يىغلاپ بارسا، دوختۇر "بالىنى بەك ئىسسىق چۈمكەۋېتىپسىلەر، دىمىقتا بولغان ئوخشايدۇ" دىگەن سوز بىلەن قۇتۇلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مانا، غولام ئاكا مۇشۇ ئەھۋالنى كوزى بىلەن كورگەچكىمۇ، دوختۇر دىگەننى ئاغزىغىمۇ ئالمايدىغان بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن دوختۇرغا ئاپىرىش توغرىلىق مەسلىھەت بەرگەنلەرگە:
— دوختۇر دىگەن شۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن كورە، ئوز قولىمىزدا رازىلىق ئىلىپ جان ئۇزگىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى.

غولام ئاكا ھاياجان بىلەن ئويىگە كىردى.

— نىمە ئانچە يوقاپ كەتكۈلۈك؟ موللام كىلىپ ئولتۇرغىلى نەۋاخ، — دىدى يولدىشى ئىچكىركى ئوينى شەرەت قىلىپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم...

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام...، — دىدى ئىچكىدىكى ئاق ئارىلاش قويۇق ئوسكەن ساقاللىرىنى مىدىرلىتىپ موللام ۋە ئوسكىلەك قىشىنىڭ ئاستىدىن نۇرسىز كوزىنى تىكتى.

موللام ئورنىدىن تۇرغىچە غولام ئاكا ئالدىغا بىرىپ قول بەردى. ئۇلار كورۇشتى. تىچلىق سورىشىپ پاراڭغا چۈشتى...

— قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كوردۇم، قوقاقتىن ئىكەن، ئوقۇسا شىپا تاپىدۇ. ئوزىڭىزمۇ ئوبدان ئويلاپسىز، مانا قارىڭا بالىنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى، — دىدى موللام ۋە قىزغا قاراپ، — كىلىڭا خىنىم، — دىۋىدى، قىز قورقۇپ چىر قىلىپ قالدى-دە، ئوزىنى ئانىسىغا ئاتتى.

— تەخسىر، ئاۋال ئاللا ئىگەم، ئاندىن قالسا ئوزلىرى...

— ئىنشائاللا، ئاللا ئىگەم شىپالىق بەرسە ياخشى بولۇپ



قالىدۇ، ئۇلۇشكۇنىمۇ بىر يەرگە چاقىرىپتىكەن، بىرىپ ئوقۇپ "دەم" سېلىپ قويدۇم.

— ئىپتىقانلىرى كىلە...

موللام ئۇچۇن سېلىنغان داستىخان ئىلىنغاندىن كىيىن خولۇم-خوشنىلىرىدىن 4—5 ئەر-ئايال كىرىشتى. شۇ ئارىدا موللام تاھارەت ئىلىش ئۇچۇن سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ دىڭگاق-لىغىدىن بىر پۇتىنىڭ ئاقساقلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

موللام ئويىنىڭ تورىگە سېلىنغان 4 قەۋەت كورپىنىڭ ئوستىدە پۇشۇلداپ ئولتۇرۇۋىتىپ:

— غولام ئاخۇن، بىزنىڭ ئاشۇ ئىشەككە بىر نىمە تاشلاپ بەرسىڭىزمىغۇ...، — دىدى.

— خوپ-خوپ تەخسىر، — غولام ئاكا ھەسەننى ۋاقىراپ چىقىپ كەتتى.

موللامنىڭ ئالدىدا مايسەمخان قىزنى تۇتۇپ، بەزلەپ ئولتۇردى. چورىدە ئولتۇرغان خوشنىلار ئوزلىرىچە بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە زادى تۇغمىغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇ غولام ئاكىنىڭ يەنە بىر قىزىنىڭ بىشىنى سىلاپ كۇلۇمسىرەپ قوياتتى. بىر بوۋاي كىلىنىگە ئىنساپ تىلەيتتى. ئۇنىڭ كىلىنى: ئاتا-ئانادىن ئايرىلىپ، ماڭا ئايرىم ئوي تۇتۇپ بەرگىن، دەيتتى ئىرىگە. يەنە بىر چوكان بولسا، قۇچىغىدىكى بوۋىغىنىڭ ئومرىنى تىلەپ كوز يىشى قىلاتتى ۋە "تۇمار قىلدۇرىۋالسام" دەپ ئويلايتتى.....

ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى www.uyghurkitap.com

موللام دۇئاغا قول كوتەرگەندە ھەممىسى قېتىلاتتى.

غولام ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئانى ئۇزۇنىدىن ئۇزۇنغا داۋاملاشتۇراتتى. موللامنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ يوتەلگىنىدىن ۋە قولىنىڭ تەسۋى سىرىپ مىدىرلاۋاتقانلىغىدىن ئويغاق ئىكەن دىمىسە، ئۇخلىغاندىن ئانچە پەرقى يوق ئىدى.

ھۇسەن دالاندا غولام ئاكىنىڭ چوڭ قىزى بىلەن بىللە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ھەسەن بولسا، ئىڭىگىنى تۇتۇپ، ئەسنەپ ئولتۇراتتى. چۈنكى ئۇنى ھىلىدىن-ھىلىغا مايسەمخان ئىشقا بۇيرۇيتتى.

شامال ئارىلاش يىغىشقا باشلىغان يامغۇر تاڭغا يېقىن توختىدى. ئەمما شامال قارا بۇلۇتلار پارچىسىنى ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. ئاسماندا ئاندا-ساندا، بىرەر-يېرىم يۇلتۇز كورۇنۇپ قالاتتى.

سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىۋاتقان لاي سۇغا كوۋرۇك ئورنىدا قويۇلغان 2-3 تال قارا ياغاچتىن گاھ ئۇ ياققا-گاھ بۇ ياققا قوغلىشىپ ئوتۇپ يۇرگەن ئىتلارنىڭ كاۋشىشلىرى ۋە سەھەردە ھەر تەرەپلەرگە ماڭغان ھارۋىكەشلەرنىڭ ناخشىلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

كوۋرۇكتىن ئوتۇپلا شەرققە ماڭسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئىگىز دوڭلۇكنى، دوڭ توپىسىدىكى ھەيۋەتلىك گۇمبەزنى ۋە قەۋرىستانلىقنى كورىسىز ھەم بۇنىڭدىن تەنلىرىڭىز شۇركىنىدۇ، سىزنى سۇر باسىدۇ. دوڭلۇكنىڭ ساي تەرىپى تىك، ئىگىز يار بولۇپ،



مۇشۇ يەرلەردە سوقما تاملىق پاكا ئويلەرنى-كەمبەغەللەرنىڭ مەھەللىسىنى كورىسىز.

كوۋرۇكتىن ئوتۇۋاتقان ئىككى كىشى كورۇندى. ئۇلار نىمىندۇ ياغاچقا ئېسىۋېلىپ، پۇلاڭلىتىپ كېلەتتى. بۇلار ھەسەن بىلەن ھۇسەن ئىدى. موللامنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، يۇلتۇز تارقىماستا قەۋرىستانلىققا تاشلايدىغان قوچاقنى كوتىرىپ كېلىشىۋاتاتتى.

بۇلار ھە دىگەندە قەۋرىستانلىققا بېرىشقا پېتىنالمىدى. بۇ كىچىك نارەسىدىلەر قورقتى. قاراڭغۇ ۋە گۇكىرەپ تۇرغان شامالدا قەۋرىستانلىقنىڭ چورىسىدىكى يوغان قېرى قارا ياغاچ، سوگەتلەرنىڭ يامغۇردا ئېغىرلىشىپ كەتكەن شاخلىرى، قاپاقلىرى سېلىنغان ئادەمدەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. مۇنداق ھالدا قەۋرىستانلىققا بېرىش باللار ئۇچۇن بەك دەھشەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلار كېچىچە ئۇيقۇسىز، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ باللار قوچاقنى نەق قەۋرىستانلىققا ئەمەس، ھىلىقى دوڭ ياقىسىدىكى ئويلەرنىڭ ئالدىغىراق بىر ئازگالغا تاشلىدى-دە، كەينىگە قارىماي قاچتى.

بۇلارنى كورۇپ بىر ھاۋشۇپ، بىر قېچىپ قوغلاشماق ئويناۋاتقان ئىتلار ئۇ يەر-بۇ يەرنى پۇراپ قوچاقنى تېپىپ، نېرى-بېرى ئىتتەردى-دە، بىرسى باشقىلىرىدىن قىزغىنىپ ئېلىپ قاچتى. قوچاقنى ھول قىلىپ ئەكېلىپ بىر ھويلىدىكى كالا ئېغىلىغا تاشلاپ قويدى-دە، ئۇ ئىت تۇمشۇغىنى ئىچىگە تىقىپ

ياتتى، بۇ دەل ياقۇپ ئاكا ۋە ئايىمخان ھەدىلەرنىڭ قوراسى ئىدى.

ئايىمخان ھەدە كالىسىنى ئەتىگەنرەك سىغىپ پادىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئېغىلغا كىرگىنىدە، كىچىك بوۋاقلاردەك رەسمىي كىيىندۈرۈلگەن، ئەمما بېشىنىڭ تايىنى يوق بىر گەۋدىنى كوردى.

— ۋاي جان! ۋاي ئۆلەي! — ئايال قولىدىكى چىلەكنى داراڭلىتىپ تاشلىدى-دە، قورقۇپ، ھودۇقۇپ سىرتقا يۈگەردى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئېرى، قىزى، خوشنىلىرى بىلەن ئېغىلغا كىردى. ئەھۋال ئېنىقلاندى. بۇ بالا ئەمەس، بالا شەكلىدىكى قوچاق بولۇپ چىقتى. ھەركىم ھەرنىمە دىدى.

— ياق بۇ بىكار ئىش ئەمەس، بۇ جۇدىگەرلىك!... بىزنىڭ كۆيۈغۈلنىڭ ئىشى. بېشىڭنى يەيدىغان، سەن كېتىمەن، پالان-پوكۇن دەيسىنا تېخى. جېنىڭغا ھىزى بول! — دەپ ئايىمخان يېنىدا تۇرغان قىزىغا دوق قىلدى.

— توختا، ئالدىرىما، بولەك بىر ئەھۋال بولۇپ قالمىسۇن، — دىدى ئېرى ياقۇپ ئاخۇن. بىراق خوتۇنى:

— سىلىنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن، ئەمدى قىزىمنى قوشۇپ بەرگىنىمنى كورسۇن. ھازىرلا مەن بۇنى ئىدارىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئەسكىلەرنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئوتۇككە تىقمىسام... — دىدى-دە، قوچاقنى بىر ئەسكى لاتىغا يوگەپ، چالۋاقاپ ماڭدى.

* * *



كۈن ئاغامچا بويى ئورلىگەن ۋاقىت. نىساخان ئاچا ئوغلى قاسىمجان بىلەن بىر چەتتە، ياقۇپ ئاكا بىلەن ئايىمخان ۋە قىزى بىر چەتتە كوك سىرلانغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ھەرقايسىسىدا ھەرخىل خىيال، ئاچچىق، غەزەپ. ئۇلار پاتپاتلا ئىشىككە قارىشاتتى.

— جەمىيەت دىگەنىدە ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن-دە، — دىدى رايون كادىرى كۈلۈمسىرەپ ھەممىگە تەكشى قاراپ ۋە: — مۇشۇ ئەرزىمىگەن ئىش بىلەنمۇ خېلى ئاۋارە بولدۇڭلار، — دىگەننى قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق ئىنىم، ئاجايىپ ئىشلارنى كورىدىكەنغۇ ئادەم، — دىدى نىساخان ئاچا بېشىنى ئېغىتىپ، — ھەركىمنىڭ بېشىغا مۇنداق ئىشلار كەلمىسۇن.

— كەلمىسۇن دەپ، كوزىنى يۇمۇۋېلىپلا قىلىۋىرىدىكەنغۇ بەزى كوڭلى قارىلار، — دىدى نىساخانغا تەنە قىلغاندەك، تەتۈر قاراپ ئايىمخان.

ئىشىك تاراققىدە ئېچىلدى، ھەممە بىردەك قارىدى. نىساخان ئاچا بىلەن ئوغلى نىمىنىدۇ ئويلاۋاتقاندەك پەرىشان ئىدى. ئەگەر "بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس دىسە، قانداق بولدى؟"، "ياق، غولام ئاكا بېشىنى ئېلىۋەتسىمۇ قىلغان ئىشىدىن تانمايدىغان ئادەم، بەلكى قىلغان بولسا، مۇشۇ قوچاق شۇ دەر..."، "رايونمۇ بىلىپ، ئېنىقلاپ چاقىرغاندۇ" دىگەننى خىيالىدىن كەچۈردى قاسىمجان.

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا كوك چاپان كىيگەن پاكارراق ياش يىگىت، كەيىندىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ ئىزنىسى بىر ئاز كوكۇرۇپ قالغان، ئىنچىكە، ئىگىز بويلۇق بىر گەۋدە كورۇندى.

—ھە، ھە، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، —كادىر ئالدىغا بېرىپ كورۇشۇپ، ئورۇن كورسەتتى، كوك چاپان كىيگەن يىگىت رايون كادىرىنىڭ قولىغا بىرنىمە دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يېڭى كىرگەن كىشى ھەيران قالدى، ئۇ ئوزىنىڭ نىمە ئۇچۇن كەلگەنلىگىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. ئۇ تونۇشلىرى بىلەن تېچلىق سوراشتى. قاسىمجانغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپمۇ ھېچنىمە سېزەلمىدى. بىردىنلا بېرىلگەن سوئال ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى.

—غولام ئىبراھىم سىز بولامسىز؟

—ھەئە، —غولام ئاكا كادىرغا تىكىلىپ قارىدى.

—سىزدىن بەزى نەرسىلەرنى ئېنىقلىۋالساق دىۋىدۇق. بۇ ئولتۇرغانلار بىلەن ھەممىڭلار بىر كوپىراتىپتا ئىكەنسىلەر. بىز بۇلارنىڭ بەزى ماجراسىنى پۇتتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتۇق، لېكىن تويۇقسىزدىن بىر ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا ئېتىۋار بەرمەيلى دىسەك تېخى. بۇنىڭ سەۋەپچىسى كىم ئىكەنلىگىنى بىلىش كېرەك ئىدى.

غولام ئاكىنىڭ كوزلىرى پاقىراپ، قولىنىڭ ئۇچلىرى تىترەشكە باشلىدى. "سەۋەپچىسى كىم ئىكەنلىگىنى..." دىگەن



سوزلەردىن ئەندىشە قىلىپ، "سەۋەپچىسى مەن بولۇپ يۇرمەنمۇ..." دەپ قالغىنىنى ئويلىيالماي قالدى.

—شۇنى سىزدىن ئېنىقلاپ باقماقچىدۇق، قانداق قارايسىز؟

—خوش-خوش، بىلسەم ئېيتىپ بېرەي.

—ناھايىتى ياخشى. تاماكا چېكىڭ، —ئۇستەلدىكى "جۇڭخۇا" ماركىلىق تاماكىنى ئالدىغا سۇرۇپ قويدى كادىر ۋە ئەھۋالنىڭ جەريانىنى سورىدى.

غولام ئاكا گېزىت قەغىزىنى يىرتىپ موخۇركا يوگەشكە باشلىدى. ئەمما كوزى كادىردا، "سورىغىنىڭ باش-ئايىغى چىقمايلا نىمە ئۇچۇن ئۇ ئىشكاپلارنى ئاختۇرىدىكىنە؟"

كادىر يېشىل سىرلانغان كونىراق ئىشكاپنى ئاختۇرۇۋاتاتتى، غولام ئاكا ئەمدىلا سەرەڭگە ياندۇرۇپ، بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ئۇستەلنىڭ تاراققىدە قىلىشى بىلەن تەڭ قارىدى. ئۇستەلدە بىر قوچاق تۇراتتى. غولام ئاكىنىڭ يۇرىگى قاتتىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ نىملەرنىدۇ ئويلىدى.

—تونۇدىڭىزمۇ؟ —دىدى كادىر قوچاقنى ئۇ يان-بۇ يان ئايلاندۇرۇپ.

—تونۇدۇم، —دىدى غولام ئاكا پەس ئاۋازدا، چۈنكى ئۇستەل ئۇستىدە ھىلىقى ئاغرىق قىزنىڭ كونا كوينىگىنى كىيگۈزۈپ ياسالغان "كېسەلنى كوچەرگەن قوچاق" تۇراتتى.

—ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سوزلەپ بېرىڭ، —دىدى كادىر بۇ قوچاقنى كورۇپ ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن غولام

ئاكىغا.
نىساخان ئاچا بىلەن قاسىمجان بىر ئاز دىققەتتىن بوشاشتى. قۇدىلىرى بولسا تېخىچە بىر خىلدا ھاياجانلىنىپ غولام ئاكىغا قارىماقتا. قىزى بولسا خوشال ئىدى، ئۇ يەر ئاستىدىن قاسىمجانغا ۋە كادىرغا قاراپ قوياتتى.

— بۇنىڭدىن 13 — 14 كۈنلەر بۇرۇن بىر كىچىك قىزىم ئاغرىپ قېلىپ، — دەپ سوز باشلىدى غولام ئاكا، — شۇ قىزنىڭ كېسىلىنى مۇشۇ قوچاققا كوچەرتكەن.

نىساخان ئاچا ئېغىر بىر تىندى-دە، داكا ياغلىغىنىڭ ئۇچىنى كوزىگە ئاپاردى. قاسىمجان كۈلۈمسىرىگەندەك ئولتۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە خوشاللىق كۈلكىسى ئىدى.

— قىزىڭىز ساقايدىمۇ؟...

— ياق، — بېشىنى ئىرغىتتى غولام ئاكا، — ۋاپات بولۇپ كەتتى.

— ھە... خوش. بۇ قوچاق قانداق قىلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ قالدۇ، بۇ ھەقتە بىرنىمە بىلەمسىز؟

موللامنىڭ قوچاقنى يۇلتۇز تارقىماستا قەۋرىستانلىقتا تاشلاشنى تاپشۇرغىنىنى غولام ئاكا قىسقىچە سوزلەپ بەردى.

كادىر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ مۇنداق دىدى:

— سىز دىگەندەك، ئۇنى لالما ئىتلار تاشلىغان بولۇشى كېرەك، سىزدىن سورايدىغان نەرسىمىز شۇ ئىدى. شۇنداق قىلىپ غولام ئاكا، قوچاق سىزنىڭ ئىكەنلىگى راست بولدى-دە!



— راست.

— رەھمەت، مەك قوچاقنى، ئەمدى شۇ مازارغا چىقماس قىلىپ كومۋېتىڭ، — دىدى كادىر كۈلۈمسىرەپ، — سىزنىڭ بىر ئاز ۋاقتىڭىزنى ئالدۇق، خاپا بولماڭ.

— ئىسىت-ئىسىت، — دەيتتى غولام ئاكا ئالدىراپ كېتىۋېتىپ، — ئىسىت، شۇ موللامغا بولغان ئەقىدەم، دۇئا قىلدۇرغان بىر پاخلان، خوشنىلىرىمنىڭ پۇللىرى، نان-توقاچلىرى، توخۇلىرىچۇ! پەس ھابدال، باللارنىڭ كونا كىيىملىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ موللىنىڭ تۇكرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، دېمىدە قىلىپ بەرگەن سۇيىنى توكۇۋەتكىنىگە قىزىمنى ئۇرۇپ كەتكەنلىرىم...

كادىر غولام ئاكىنى ئۈزىتىپ قويۇپلا بولۇمگە كىردى ۋە قالغانلار بىلەن پاراڭغا چۈشتى.

— ھە، مانا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىرلىق بولغان قوچاق مەسىلىسىمۇ ئېنىقلاندى. بىز باشتىلا بىكار ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دىگەن ئىدۇقمۇ؟

— مۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىدۇ ئۇكام، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ دەپ، گۇمان قىپتىمىز، — دىدى ياقۇپ ئاكا بىلەن ئايىمخان تەڭلا خىجالەت بولغان ھالدا.

— ئەپۇ قىلسىلا ئاتا. مەندىن ئوتكەن بەزى سەۋەنلىك بولسىمۇ، — دەپ قاسىمجان ئورنىدىن تۇرۇپ قېيناتا ۋە قېينانا ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ھەدە؟ — كادىر ئايىمخانغا تىكىلىپ قارىدى ۋە جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن قىزىغا كۆز يۈگۈرتتى.

— سىز قانداق قىلىسىز، ئۆيىڭىزگە بارامسىز؟

— بولدى ئەيىپ بىزدىن ئۆتتى!. قىزىمىزنى مەشەدىلا، سىزلەرنىڭ ئالدىڭلاردىلا قېتىپ بېرەيلى، — دېدى ياقۇپ ئاكا.

ئايىمخانمۇ رازىلىق بىلدۈرگەندەك كۈلۈمسىرىدى، قاسىمجاننىڭ يولدىشى ياغلىقنى يۈزىگە توسۇپ باشقا تەرەپكە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ بۈگۈنلا ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىرايتتى.

— رەھمەت سىلەرگە، ئۇبدان پۈتۈشكىنىڭلارغا بىزمۇ خوشال، مانا ئەمدى ئىش بىز دېگەندەك بولسۇن، — دېدى كادىر نىمىنىدۇ ئەسكەرتىپ.

چىڭقى چۈش ۋاقتى، نىساخان ئاچام ئىككى قۇدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنىمىلەر دېيىشىپ خوشال كېتىپ باراتتى. قاسىمجان يولدىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىرەك سۆزلىشىپ باراتتى. سالقىن شامال قاسىمجاننىڭ يولدىشىنىڭ بېشىدىكى چىرايلىق قىزىل شىپىك ياغلىقنى لەرزان لەپىلدىتەتتى. ئۇلار يېشىللىق بىلەن ئورالغان كەڭ، ئۇدۇل كوچىدىن ئەگىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

1957 — يىل 12 — ئاي، ئۈرۈمچى.



# ئۇچرىشىش

ھەر بىر كىشىنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ بىر غەزنە. بۇنىڭدا كىشى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك ۋە قايغۇلۇق سەرگۈزەشتىلەر ساقلىنىدۇ. شۇنداقمۇ سەرگۈزەشتىلەر بولىدۇكى، ئۇنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئادىمىڭدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ كېتىپ، خوشاللىق كۈنلەردە ئۇچرىشىپ قالساڭ، سەرگۈزەشتىلىرىڭنى قانداق ئەسلىشىدىغانلىقىڭنى ئىپادىلەش قىيىن.

مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئەنە شۇنداق سەرگۈزەشتىلەردىن بىرىنىلا يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

كەچ سائەت 4 — 5 لەر مەزگىلى، يولداشلىرىمدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلماقتىمەن. شەھەر قۇرۇلۇشلىرىغا — ئۆي - ئىمارەت، يول، گۈللۈكلەرگە تويماي قارايمەن، قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەر، ئۇنىۋېرسال ماگازىنلار، پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ تولىلىقى، كىشىلەرنىڭ ئاسمان پەلەك ئېگىز قۇرۇلۇشلارغا توك كۈچى بىلەن غاقىرتىپ خىش - سېمونت، ياغاچ - تاشلارنى چىقىرىشلىرى، ئېگىزلىكتە ئىشلەۋاتقان توكارنى

قىزلارنىڭ تومۇر رىشاتكىلارنى ياساۋاتقانلىغى، كوچىلاردا قاتناۋاتقان ئاپتوۋۇز، يۈك ماشىنىلىرى، پىكاپلارنىڭ تولىلىغى، ئادىمى تولا ئاۋات كوچا، بىرلەشمە كوپېراتىپ دۇكانلىرى، تاپ-تازا كىيىنىپ، خوشال-خورام يۈرگەن ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى مېنى ھەيران قالدۇرماقتا.

"ئۈرۈمچى" دىسە، مېنىڭ كوز ئالدىمغا مەن بۇرۇن كورگەن قىيسىق، ئىسلىشاڭغۇ، كاتەكتەك ئۆيلەر، ئەگرى-توقاي كوچىلار كەلگەن ئىدى.

توت كوچا پوژ-پوژ قاينىغان. مېنىڭ بارىدىغان ئېنىق ئادرېسىم يوق. مەن پەقەت كوچا ئايلىنىپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى تاماشا قىلماقتىمەن.

كوچىنىڭ نېرىقى دوقمۇشىدىن بىر كىشى كوزىنى مېنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۆزەمنىڭ تۇرقۇمدىن قورۇنۇپ، چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ، شەپكەمنى چوكۈرۈپرەك كېيىپمۇ ئالدىم. قىزىرىپ كەتتىم ئەتىمالىم، پۈتۈن بەدەنلىرىم ئوت ئېلىپ يېنىۋاتقاندەك بولدى. "نىمە ئانچە قارايدىغاندۇ بۇ ئادەم."

نامەلۇم كىشى ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، تېخىچە مېنىڭدىن كوزىنى ئالغىنى يوق، مەنمۇ ئۇنىڭغا "توختا، بۇ نىمانچە قارايدۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار..." دىگەن ئوي بىلەن تىكىلدىم، كوزلىرىمىز توقۇنۇشتى. نىمىشقىدۇ، يۈرەكلىرىم ئويناپ، كالپۇكلىرىم تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ چىرايىدا يېقىن كەلگەن-



سېرى قىزىرىپ، كۈلۈمسىرەش ئالامىتى پەيدا بولدى. مانا، ئەمدى ئۇ يېنىمدا:

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ قول ئۇزاتتى.

— ياخشى، — دىدىم-دە، مەنمۇ قول ئۇزىتىپ كورۇشتۇم.

— سىز مېنى ياخشى تونالمايۋاتىسىز-ھە؟ — دىدى يەنە كوزۇمگە تىكىلىپ قاراپ.

ئۇ ئۇيغۇرچىنى سەل بۇزۇپراق سوزلەيتتى.

— ......

— ليۇ-سۇر...

— ھۆي ليۇسۇر...

بىز قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ كەتتۇق. قاتتىق قول قىسىشىپ، قوللىرىمىزنى مۇرىلىرىمىزگە ئارتىشقان ھالدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا تېچلىق-ئامانلىق سوراشتۇق. سوز ئارىسىدا بىر بىرىمىزنى نېرى-بېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، بوي-تۇرقىمىزنىمۇ كوزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق. ئىسىملىرى يادىمىزدىن چىقىپ كەتكەن بەزى ئۇرۇق-تۇققان، تونۇش-بىلىش، ئاغىنە-بۇرادەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئەسلىشىپ سوراشتۇق.

كوچىلاردىكى رادىيولار قانداقتۇ بىر يېقىملىق ناخشىلارغا ۋاقىراپ بىزنىمۇ چىڭ-چىڭ گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. يېنىمىزدىن ئوتۇپ كېتىپ بارغانلار بىزگە قاراپ بىرنىمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشىدۇ. بىزمۇ كۈلۈشتۇق. بىراق بىزگە ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن بىزنىڭ كۈلكىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەك كۆرۈنىدۇ.

لىيۇسۇر بۇرۇن مەن كۆرگەن، مېنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئىنچىكە، ئورۇق لىيۇسۇر ئەمەس، ئۇ ھازىر كۆك گاباردىنىيوندىن كىيتىل كىيگەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى يېڭىلا قىردۇرغان، 32 ـ 33 ياشلار چامىسىدىكى گەۋدىلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، كېلىشكەن يىگىت.

— ھە، نەدىن سورايمىز؟ — قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى ئۇ.

......

— غۇلجىدىن، — دېدىم قىسقىغىنا قىلىپ.

— ھە، خىزمەت ئالمىشىپ كەلدىڭىزمۇ ياكى باشقا بىرەر ئىش بىلەنمۇ؟ — دەپ قولتۇقلىۋېلىپ ماڭدى.

— مەجلىسكە، — دېيىشىم ھامان:

— ھە، ئىلغارلار يىغىلىشىغا دەڭا؟! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مانا بىز قىزىل مەيداندا ئۇچراشتۇق.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، خۇشاللىقىم تېنىمگە سىغماي قالدى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ نەمۇنىچى بولغانلىقىنى، ئۆتكەن يىلى بېيجىڭغىمۇ بېرىپ كەلگەنلىكىنى سۆز ئارىسىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. خۇشاللىقىم ئېشىپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. بىز بىر تار كوچىغا كەلگەندىلا، مەن ئۆز ئورنۇمغا — مېھمانخانىغا بېرىشىمنى ئىككىنچى قېتىم ئىلتىماس قىلدىم، ئۇ: "ئۆيگە بارىمىز" دېدى. رەھمەت ئېيتىپ، كېيىن ئالايىتەن كېلىمەن، دېدىم. بىراق ئىش پۈتكەن ئىكەن. لىيۇسۇر بىر



كىچىك دەرۋازىغا ئوخشىغان ئىشىكنى ئاچتى-دە، جۈرۈڭ، دېدى. ئەمدى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزدىم-دە، كىرىپ كەتتىم!

* * *

ئاددىغىنا، خەنزۇ پوسۇنىدا ياسالغان ئۆي. دالانغا كىرىشىمگىلا 28 — 30 ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، بۇرۇلكا كىيىۋالغان بىر ئايال قارشى ئالدى.

بۇ لىيۇسۇرنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ مېنى تونالماي قالدى، مەن بىلىندۇرمەي خەنزۇچە بىلىدىغان سۆزلىرىم بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سورىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ پەردىسىنى قايرىپ مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. لىيۇسۇر مەن دالانغا كىرگەندىلا كۆرۈنمەي قالغان ئىدى. ھايال بولمايلا بىر ئايالنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ، كۈلۈشۈپ كىرىپ كەلدى. بۇ لىيۇسۇرنىڭ ئانىسى ئىدى. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۇنى "تەتەي، ئايلاڭزا" دەپ ئۆگەنگەن ئىدۇق. ھازىر نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم-دە، "چوڭ ئانا" دەپ تېچلىق سوراۋەردىم. ھەقىقەتەنمۇ شۇ ئىدى-دە! ئانچە-مۇنچە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان بۇ ئايالمۇ تېچلىق-ئامانلىق سورىدى ۋە مېنى ئوغلىغا، كېلىنىگە كۆرسىتىپ، بىر نەرسىلەر دەپ خۇشال كۈلەتتى.

شۇ ۋاقىتتىلا كېلىنى مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئېنىق بىلىپ ھاياجان ئىچىدە خۇشال بولدى. ئانا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. قولۇمنى ئۆزىنىڭ ئالقىنىنىڭ ئارىلىقىغا ئېلىپ (بىز كىچىك ۋاقتىمىزدىمۇ شۇنداق قىلاتتى) تۇققانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك

بىر-بىرلەپ سوراپ چىقتى. ھەيران قالدىم. ھېچ بىرىنى ئۇنتۇماپتۇ. سورىغانلىرىنىڭ ئىچىدە ئانامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتىم، دادامنىڭ ئۆلۈمىنى بولسا ئۇلار بىلەن بىللە ئۇزاتقان ئىدۇق، ئۇنى بىلىدۇ، ئايالمۇ ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئەسلىدى ۋە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن كۆز يېشى قىلدى. بىر ئاز جىم-جىتلىق ھوكۈم سۈردى. كېيىنرەك ليۇسۇرنىڭ باللىرىنى تونۇشتۇردى.

— مانا بۇ ليۇسۇرنىڭ بىرىنچى بالىسى، — دېدى ئانا ماڭا مېھرىۋان كۆزلىرىنى تىكىپ ۋە بالىغا بىر نەرسىلەر دېۋىدى، بالا ماڭا قاراپ پىونېرلارچە سالام بەردى. كورۇشتۇق، كۆلۈشتۇق...

ئانا ليۇسۇرغا قاراپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. گەپىنىڭ مەن توغرىلىق ئىكەنلىكىنى قىسمەن بولسىمۇ چۈشەندىم. "چوپ-چوڭلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئورۇق، جانسىز بىر بالا ئىدى... ئۇنىڭ كورگەن كۈنلىرىچۇ؟" دەيتتى ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى...

ئانا ئۇتمۇش خىياللىرىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ مېھرىۋان كوزىنى ماڭا تىكتى. بۇ مېنىمۇ ئۇتمۇشكە ئېلىپ كەتتى. "بۇ ئايال ئاتامنىمۇ كورگەن، ئانامنىمۇ كورگەن، مانا ھازىر ئۇلار يوق، قاراڭغۇ، شورلۇق زامان ئاچ-زارلىق، دەرت-ئەلەمى بىلەن ئازاپلاپ ئەجەلىدىن بۇرۇن ئۇزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى بولسىچۇ؟ يالغۇز ئوغلىنىڭ بەختىنى كورسىچۇ؟ قانچىلىك ئەزىزلەر ئىدى... بۇ ئىككى موماي ئىككى ئوغلىنىڭ پارتىيە زامانىسىدىلا ئۇز بەختلىرىنى تاپقانلىقىنى ئۇز كوزى



بىلەن كورگەن بولسا-ھە؟! خەير، ئانام بولمىغان بىلەن ئانا يۇرتۇم بار، دادام بولمىغان بىلەن پارتىيە بار..."

ئانىنىڭ ئۇنى مېنىڭ خىيالىمنى بۇزدى. ئۇ مېنى ھە دەپ چايغا تەكلىپ قىلدى ۋە كېلىنىگە قاراپ بىر نەرسىلەر دەپ چىنەمگە ئىككى چاقماق قەنت سېلىۋەتتى. ئېچىلىپ-يېيىلىپ مېھرىۋانلىق قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇزەمنى ئانىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغۇم كەلدى، بىراق كىچىك ۋاقتىمدا ئەركىلەپ ئۇنداق قىلغىنىم بىلەن، ھازىر چوپ-چوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىم ئېسىمگە چۈشتى. پەقەت ئورنۇمدىن تۇرۇپ، رەھمەت... دېيەلىدىم.

* * *

ليۇسۇر بېيجىڭنى ئېلىۋاتقان رادىيوسىنى توختىتىپلا پاتىفۇن قويىدى، «ئازات زامان» دىگەن ناخشىنى ھەۋەس بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردۇق. ليۇسۇر بۇ ناخشىنى بەكمۇ ياخشى كورىدىكەن. راست، "ئازات زامان"نى كىم ياخشى كورمىسۇن؟ قانچە-قانچىلىغان يوقسۇل، بىچارىلەر بۇ كۈننى توت كوزى بىلەن كۇتكەن ئەمەسمۇ! ليۇسۇر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— قىزىل گۇلدەك ۋاقىتلىرىمىز ئاچ-زارلىق، خارلىق بىلەن ئوتۇپ كەتتا! ئىست، — دەپ نىملەرنىدۇ خىيال قىلدى. ئۇنىڭ كوزىنىڭ چورىسىدە ياش پەيدا بولدى. مەنمۇ ئوتمۇش كارتىنىسىغا كېتىپ قالدىم. مومايىنىڭ سوئاللىرى بىزنىڭ خىيالىمىزنى بۇزدى. گەپ باشقىدىن باشلاندى. قىزغىن پاراڭغا چۈشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋال ليۇسۇر ئىككىمىزنىڭ باللىق ۋاقتلىرىمىزدىكى ئەھۋاللىرىمىز ھەققىدە بىر ئاز پاراڭلاشتۇق. كېيىن ليۇسۇر ئۆزىنىڭ زاۋۇتتا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئىككىنچى قېتىم ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلانغانلىقىنى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن سوزلەپ بەردى. كوزۇم تامدىكى ماۋجۇشى رەسىمىنىڭ ئاستىغا قادالغان لەۋھەلەرگە چۈشتى. ئانىسى پاراڭغا ئارىلاشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن 1959-يىل 18-فېۋرالدىكى سانائەت، ترانسپورت سېپىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى ۋەكىللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقانلىقىنى، يېڭى ئىستانوك ياسىغانلىقىنى، "يېڭىلىق ياراتقۇچى" دىگەن شەرەپلىك نام بىلەن موكاپاتلانغانلىقىنى بىلدىم.

ليۇسۇرغا بولغان موھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

— ھازىرمۇ بۇرۇنقى يېتىشتۇرۇپ چىقارغانلىرىمدىن باشقا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر شاگىرتىم بار. ياخشى باللار، ھازىر تولۇق مىخانىك دەرىجىسىگە يېتىپ قالدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش پۇتتى دەپ قانائەتلىنىپ قېلىش يارىمايدۇ، كامال. تېخى ئەڭ شەرەپلىك، مەسئۇلىيەتلىك ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلەر ئالدىمىزدا.

بۇ سوزلىرى ماڭا چوڭقۇر تەسىر بەردى ۋە مەن ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم تەربىيە بولدى...

كەچ سائەت 11 لەردە موماي كېلىنى ۋە نەۋرىلىرىنى ئېلىپ باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ليۇسۇر ئىككىمىزلا قالدۇق.



— سىز بەك چارچىدىڭىز، ئانام نۇرغۇن تارىخلارنى چۇۋۇپ كەتتى، — دىدى ئۇ خوشال ھالدا. — ئەتە يەكشەنبە، ۋاخچىراق تۇرىمىز، ئاندىن ئىككىمىز بىللە ئۈرۈمچىنى باشقىدىن ئايلىنىمىز، — دىدى ليۇسۇر.

— رەھمەت، — دىدىم-دە، مېنىڭ ئۇچۇن راسلانغان سىم كارۋاتتا ياتتىم. ئۇيقۇ ئورنىغا كوز ئالدىمغا ھامان ئۇتمۇش، ئاتا-ئانام؛ ليۇسۇرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە بۇ مېھرىۋان ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا مېھرىۋانلىقلىرى كېلەتتى.

بولۇپمۇ ليۇسۇر ئىككىمىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن بىر ئىش كوز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى...

* * *

ياز ئايلىرى، كۆن ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق. ئىش ئېغىر، ئىشتىن كورە تىل-ھاقارەت، ھوي...نىڭ باللىرى، ئاناڭنى... دىگەنگە ئوخشاش خورلاشلار تېخىمۇ ئېغىر.

ليۇسۇر ئىككىمىز مۇشۇنداق تومۇزلاردىمۇ بىكار يۈرمەيتتۇق، بولۇپمۇ مەن شۇنداق ئازاپلىق بولسىمۇ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدىم. چۈنكى مويكىدا ئاندا-مۇندا ئىشلەپ يۈرىدىغان ئانامنىڭ تاپقان-تەرگىنى بىزنى قامدىيالمايتتى. ئانچە-مۇنچە ساۋادىم بولسىمۇ، ئۇ كارغا كەلمىدى. ماڭا قارىغاندا خېلى ساۋاتلىق ھىساپلانغان كىشلەرمۇ خار-زار، ئىشسىز ئىدى.

ليۇسۇر ماڭا ئوتاق تارتىپلا مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيتتى.

ئانىسىنىڭ "ئىشلىمە" دېگىنىگە ئۇنىمايتتى. ئۇ مېھنەتنى ھەممە-
دىن ئەۋزەل كۆرەتتى ۋە سۆيەتتى.

بىز خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تامچىلارنىڭ ئارقىسىدا "مەدىكار" بولۇپ ئىشلىدۇق. بوتۇقلارغا قارشى بىر ئېغىزلا سۆزلىسەك كەشىمىز توغرىلىناتتى.

كۈن كۆپ-كۆك ئاسماندا قىزغۇچ شولىلىرىنى قالدۇرۇپ ئۇپۇق كەينىگە مۆكتى. بىز تامچىلىرىمىزنىڭ قوپال ھاندۇگە-لىرىنى يۇيۇپ، نەلەردىدۇ قالغان نان خالتىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، كۆز باغلانغاندا ئۆيگە قايتاتتۇق. كوچىدا ھېچنەرسە كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيتتى. بىر كۈنى ئۈچەي-بېغىرلىرىمىزدىكىنى شىلىۋالغاندەك مەيدىلىرىمىز تارتىشىپ، ساماندەك سارغىيىپ، ماغدۇرسىز، چىرايىمىزدىن توپا يېغىپ تۇرغان ھالدا ئۆيگە كەلدۇق.

— كامال، — دېگەن ئاچچىق، لېكىن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۈن چىققان تەرەپكە ئىتتىك قارىدۇق.

— كالا يوق، پادىچىنىڭ ئۆيىگە باردىم، يېقىن ئارىنى ئىزدىدىم، يوق، — دېدى ئانام بىزگە ئۇچراپ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا. ئۈنسىز تۇرۇپلا قالدۇق.

— قاچان؟ — دېدى لېۋسۇر ئانامغا تىكىلىپ قاراپ.

— پادىدا چۈشكىچە بار ئىدى، كۆرگەنتۇق. ئۇندىن كېيىن سەپ سالماپتىمىز. "كېلەر، ئەتىگىچە تېپىلىپ قالار، ئەندىشە قىلماڭلار، نەگە كېتەتتى" دەيدۇ باينىڭ پادىچىلىرى، — دېدى



ئانام.

ئىمە قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ قالدى. بىچارە موزاي-نىڭ يېتىمسىرەپ مۆرەشلىرى يۈرىكىمگە خەنجەر ئۇرغاندەك تەگدى.

سىڭلىم بوسۇغا تۈۋىدە ئۈگدەپ قاپتۇ، كۆتىرىپ سۇپىغا ئالدىم. ئانام پاختىلىق كونا چاپىنىنىڭ يېڭىدىن ئەسكى پاختىنى ئېلىپ پىلىك ئەشتى ۋە ئۇنى قارا چىراققا سېلىپ، ئۈستىدىن ئىككى تېمىم ياغ قۇيۇپ، ئاندىن ياندۇردى ۋە ئۆينى يورۇتتى. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. چۈنكى بىز ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس دۇنيا، مىراس شۇ كالا ئىدى.

لېۋسۇر ئانىسىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— گۇڭئەنجۇيگە (جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسىگە) ئاڭلى-تىپ قويساق بولىدۇ، — دېدى لېۋسۇرنىڭ ئانىسى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشقىمۇ بارالمىدىم، مېنى دەپ لېۋسۇرمۇ بارمىدى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتتى، كالا ھېچ يەردە يوق. لېۋسۇر بىلەن بىللە گۇڭئەنجۇيگە بىرقانچە قېتىم باردۇق. كالا يوق. رەمچى-پالچى، ھەممىسىگە باردۇق. بىرقانچە كۈندىن كېيىن پادىچىلار: "گۇڭئەنجۇيگە نۇرغۇن كالىلار سولۇنۇپ قاپتۇ" دېگەن خەۋەرنى كۆتىرىپ كەلدى. لېۋسۇر ئىككىمىز كالا ئىزدەپ گۇڭئەنجۇيگە ماڭدۇق.

* * *

نامازدىگەر ۋاقتى، ئەتىگەندىن بېرى بەك قىزىپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com

كۈن بىردىنلا بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇندى. غەرپتىن ئۇرغان شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، شەھەر ئىچىنى توپا-چاڭ بىلەن تولغۇزماقتا ئىدى.

لىيۇسۇر ئىككىمىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كوكتاتچىلىق تەنزىسىدىكى كوكتاتلاردىن يېقىن يېزىلارغا ئەپچىقىپ سېتىپ، سودا قىلىپ، كىشىلەر شالاڭ ماڭىدىغان كوچىغا كېلىپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ماروژنىچىلارنىڭ يېنىدا ئەپكەش، سېۋەتلىرىمىزنى قويۇپ دەم ئېلىپ ئولتۇردۇق. چۈنكى بىزگە قارشى ئۇرۇلۇۋاتقان قاتتىق شامال بىزنى خېلى ھالسىزلاندۇرغان ئىدى.

— كامال، ھېلىقى كىشىنىڭ دىگەن ساقچىسىنى مۇشۇلاردىن سورىمايمىزمۇ؟ — دىدى لىيۇسۇر شۇ يەردە يۈرگەن بىرقانچە كىشىنى ئىشارە قىلىپ.

بىز سودا قىلىپ چىققان يېزىلاردىمۇ كالىمىزنى سۈرۈشتە قىلىپ كورگىنىمىزدە، بىر قازاق بوۋاينىڭ "بىزنىڭ باينىڭ بىر كالىسى يوقاپ كەتكەن، شەھەردە كونسۇلخانىنىڭ يېنىدا يېگىدىن ئېچىلغان بىر گۈگۈئەنجۈيدىن تېپىپ چىقتۇق" دىگەن سوزى يادىمغا چۈشتى.

ھەددىدىن زىيادە چىقىۋاتقان بوران، چاڭ-توزاڭدا كونسۇلخانىنىڭ ئالدىدىكى ماروژنىچىلارغا ھەيران قالدۇق، بولۇپمۇ ماروژنىچىلارنىڭ يېنىدا پاراڭ قىلىشىپ، ماروژنا يىگەن بولۇپ تۇرغان كىشىلەر بىزنى ئەجەپلەندۈردى. ئۇلارنىڭ



ئۈستىگە كىيىۋالغان پۈقراچە كىيىملىرى ئۇزىگە يېپىشماي تۇراتتى. بىز بۇلارنىڭ بىرىدىن "ساقچى"نى سورىدۇق.

— ھە، نىمە كېرەك؟ — دەپ گۇمان بىلەن قارىدى ئۇ، يۈرىگىم "دۈپ" قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىسى بىلەن ماڭا تىكىلگەن لەشتەك كوزىدىن ئۇنىڭ ماروژنىچى ئەمەسلىگىنى چۈشەندىم. مەن مەقسىدىمنى ئېيتتىم. ئۇ بېشى بىلەن شەرەت قىلىپ، نېرىراقتىكى، كونسۇلخانىنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇدۇل بىر قورانى كورسەتتى.

بىز قوراغا كىردۇق. سېۋەتلىرىمىزنى قەيەرگە قويىدىغانلىغىمىزنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدۇق. قورادا پۇتۇنلەي پۈقراچە كىيىم بىلەن، تۈجۈركىسىنىڭ ئىچىگە، ئوڭ ساغرىسىغا قورال ئاسقان كىشىلەر يۈرەتتى. بىز بىر بولۇمگە كىردۇق. ھەر خىل گەپ، ئادىرىس سوراش، كۈلۈش، چاقچاق،... ئىش قىلىپ بىز چۈشىنەلمىدۇق.

— ھە، نىمە دەپ كېلىشتىڭ، — دىدى ئېگىز بويلۇق سېرىق بىر كىشى.

مەن بۇنى ياخشى تونۇيتتىم. ئۇ ئۇزىنىڭ ئېگىزلىگى، رەڭگىنىڭ سېرىقلىغى، يازلىغى بولسا پۈتۈنلەي ئاق كىيىم كىيىپ يۈرىدىغانلىغى، قولىغا ئاق پەلەي كىيىۋالىدىغانلىغى بىلەن كىشىگە سۈرلۈك كورۈنىدىغان گومىنداڭ ساقچىسىنىڭ ئەپتىسەرى ئىدى. ئۇ ھازىر بېشىغا قارا شلەپە، ئۈستىگە كالتە يەڭلىك ئاق كوينەك ۋە ئۇزۇن قارا كوك بۇرۇلكا كىيىۋالغان. مۇنداق

قارىماققا شۇ ۋاقىتتىكى گەزمال بازىرىدىكى دەللال بايۋەچچە-
لەرگە ئوخشاپ كېتەتتى.

مەن يەنە مەقسىدىمنى ئۇقتۇردۇم.

—سەنچۇ، —دىدى ئۇ ليۇسۇرغا قاراپ.

—بۇ مېنىڭ ئاغىنەم، بىللە كەلدىم، —دىدى ليۇسۇر.

ئەپىتسەر ليۇسۇرغا كوز ئالايتىپ قويۇپ، ماڭا:

—كالاڭنى كورسەڭ تونۇمسەن، —دىدى.

—ئەلۋەتتە تونۇيمەن!

بىزدىن سوز سورىغان ساقچى بىلەن كىرىپ كالىنى كورۇپ چىقتۇق، ئاندىن ساقچى ماڭا نەپرەت بىلەن قاراپ:

—قانچە كۈن بولدى كالاڭغا، —دىدى.

—ئون بەش كۈن.

—ھە، —دىدى خەنزۇچە ۋە كىرىلىشىپ كەتكەن بىر سەنپەننى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئورۇپ، —650 مىڭ سوم تولەپ كالاڭنى ئېلىپ كەت، —دەپ سەنپەننى جالاققىدە تاشلىۋېتىپ، ئۇشقىرتقان ھالدا تاماكا چەكتى.

—ۋاي-ۋۇي!... —دېيىشىم بىلەن، ليۇسۇر:

—ئاكا ئۇنچىلىك بولماس، —دىدى ھەيران بولۇپ.

ئەپىتسەر تېرىكىپ كەتتى.

—نىمە ئانچە ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىسەن. بىر كىشى كالاڭنى بىكارغا بېقىپ بېرەمدۇ؟ تۇرقۇڭغا قارىسام بىر ئوروقات، يىتىم ئوخشايسەن، —ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ يەنە جىقلا گەپلەرنى



قىلىپ كەتتى.

—ئاكا، كالا سىز دىگەندەك بېقىلسا، جىنازىدەك بولۇپ قالماس ئىدى، قورۇق ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ.

—تولا گەپ قىلما ھارىمى، سېنىڭ تاكاللىشىدىغان يېرىڭ ئەمەس بۇ، ئويۇڭ نەدە؟ —دەپ قەلەمنى قولىغا ئالدى ۋە، —تولا گەپ قىلماي پۇلنى تولەپ كالاڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت، —دىدى ھەمدە، —چوڭلار ئاڭلىسا سولايدۇ، —دەپ پوپوزا قىلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ھارپىسىدا شۇنچىلىك غالجىرلاشقان ئىدىكى، كۈنگە ئونلاپ-يۈزلەپ بىگۇنا كىشىلەرنى "تۇتقۇن" قىلاتتى. يۇقۇرىدا ئىزھار قىلىنغان "ساقچى" رەسمىي ساقچى ئىدارىسى بولماستىن، سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قارشىسىدىكى بىر شەخسنىڭ قوراسىنى مەجبۇرى تارتىپ ئېلىپ، "ساقچى ئىدارىسى" قىلىغان ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن كىملەرنىڭ مۇناسىۋەت قىلىشىنى بايقاش، ئەھۋالنى ئىگەللىۋېلىپ، كېچىسى بېرىپ تۇتقۇن قىلىش ئىدى. ئەپىتسەر ئەنە شۇ "ساقچى"نىڭ ماشكىلىرىدىن بىرى ئىدى.

بىز قورقۇپ، ھودۇقۇپ، نىمە دېيىشىمىزنى بىلمەي ھويلىغا چىقتۇق. "بۇنداق قىلغىچە بۇلاڭچىلىق قىلساڭ بولمامدۇ..." دىدىم ئىچىمدە. بىراق ھويلىغا چىقىپلا بۇلاڭچىلىقنىڭ ئەمىلىيە-تىنى كوردۇم.

بىزنىڭ سىۋەتلىرىمىزدىكى يېزىلاردا سودىغا چۈشكەن توخۇ،

ئۇدەكلىرىمىزنى هويلىدىكى بىر نىمىلەر بۇلىشىۋېلىپ، ئۇرۇقسېمىزلىگىنى ماختاپ، ئالما-ئۇرۇكلىرىمىزنى ئىشتەي بىلەن يېيىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇرۇپتۇ، ئىككىمىز شۇنچىلىك غەزەپلەندۇقكى، زادى نىمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق.

ئەپتىسەرلەر بولسا بىر-بىرىگە:

— سەن بۇ توخۇ-ئۇدەكلەرنى ئاشۇ يەرگە (سوۋېت كونسۇلخانىسىنى دىمەكچى) ئاپىرىپ سات، ئۇلار بۇنى ئوبدان ئالىدۇ... — دېيىشىۋاتىدۇ، كۈلۈشىۋاتىدۇ.

بىر ئەپتىسەر قولىدىكى توخۇ-ئۇدەكلەرنى لىيۇسۇرنىڭ سىۋەتلىرىگە سېلىپ ئەپكەشنى ئېلىشىغا لىيۇسۇر بېرىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى. ئەپتىسەر ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. لىيۇسۇر ئۇڭدىسىغا يىقىلدى. مەنمۇ ئېسىلدىم، مېنىڭ كاچىتىمغا راسا بىرنى سالدى. ئەپتىسەرلەر بولسا قاقاخلىشىپ كۈلۈشمەكتە... ۋاراڭ-چۇرۇڭ باشلاندى. لىيۇسۇر ئىككىمىز ۋاقىراپ-جاقىراپ ئۇلارنى تىللىدۇق، يىغلىدۇق.

لىيۇسۇر يېرىم كېسەكنى تېپىۋېلىپ ھىلىقى ئەپتىسەرگە ئاتتى. ئۇ يېنىدىن ناگىننى چىقىرىپ تەڭلەپ، لىيۇسۇرنى بىر ئەسكى ئۇيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

— ھە، ئوبدان بولدى، سولا! — دىدى يەنە بىر ئەپتىسەر ئۇكۇپ تۇرۇپ ۋە مېنى تىللاپ، ناگان تەڭلەپ قورقىتىپ ھويلىدىن قوغلاپ چىقاردى...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

ماڭا ئۇيگە كەلگىچە بارلىق كوچىلار سۇرلۇك كورۇندى. "ئەجىبا، بىرونىڭ نەرسىلىرىگە زورلۇق قىلسۇن، ئۇنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلسا، سولاپ قويسۇن..."

مېنىڭ ئالدىمغا توغرا تۇرۇۋالغان بىرلا قىيىنچىلىق بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ "لىيۇسۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا نىمە دەيمەن؟..." دىگەن ئەندىشە ئىدى. تەلىيىمگە لىيۇسۇرنىڭ ئاتا-ئانىسى يولۇقمىدى، يوشۇرۇن دىگۇدەكلا ئويۇمگە كىرىۋالدىم. ۋەقەنى ئانامغا ئېيتىپ بەردىم-دە، يىغلىۋەتتىم...

— ۋېيەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن، سېنىڭ ئۇچۇن ئۇ بىچارىنى سولاپ قويۇپتۇ-دە، — ئانام ساددىلىق بىلەن ماڭا نارازى بولدى. مەن ۋەقەنى يەنىمۇ تەپسىلىرەك سوزلەپ بەردىم ۋە ئەمدى لىيۇسۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم. لىيۇسۇرنىڭ ئاتا-ئانىسى مېنىڭ ئالدىمغا كىردى، يىغلاپ ئولتۇرغانلىغىمنى كورۇپ:

— كامال، نىمە بولدۇڭ؟ — دىدى بوۋاي سەمىمى ھالدا.

مەن ۋەقەنى قايتىدىن سوزلەپ بەردىم ۋە ساقچىنىڭ ئادرىسىنىمۇ ئېيتىپ بەردىم. بوۋاي خوتۇنى بىلەن بىرنىمىلەر دېيىشىپ، ئۇزىچە ساقچىلارنى تىللاپ چىقىپ كەتتى.

ئانام بىلەن مېنىڭ يىغلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزنى كورگەن لىيۇسۇرنىڭ ئانىسى ئانامغا تەسەللىمۇ بەرگەن بولدى.

بىر ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن يېزىدىن كەلسەم، ئانام پاكار،

زەيكەش، كاتەكتەك ئۆينىڭ ئوچىغىدا چاي قاينىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. سىڭلىم ئوچاق بېشىدا قۇرۇق ۋە قاتتىق ناننى چىشلىگەن پېتىچە ئۈگدەپ قاپتۇ. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا:

— جېنىم بالام، كالىمىز بېشىمىزغا بىر بالا بولىدىغان بولدى، ئىشتىن قايتىپ بىر چىنە قايناقسۇ ئىچەي دەپ تۇرسام، بىر ساقچى كىرىپ ئالدىغا سېلىپ جۇزىگە ئاپاردى. ئۇ يەردە "كىمڭنى ئەخمەق قىلىشىسەن، نىمىشقا پۇلنى بېرىپ كالاڭنى ئېلىپ كەتمەيسەن" دەپ ئاھانەت قىلدى. بېشىمدىن بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيغاندەك بولدى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. "بولدى كالىنى سىلەر ئېلىڭلار"، دەپ قايتىپ كەلدىم، — دىدى.

ئۆينىڭ ئىچى جىم-جىت، ئانام ئەمدىلا مورا ئۈستىدىكى چىراققا ئىككى تېمىمچە ياغ قۇيۇپ، پىلىك ئېشىۋاتاتتى، سىرتتىن ۋاقىرىغان ئاۋاز كەلدى. ئانامنىڭ قولىدىكى پىلىك يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن يۈگۈرۈپ چىقتىم. يېنىغا ئۇزىنىڭ بويىدىن ئىگىزرەك، قاپلىرى داتلىشىپ كەتكەن قىلىچ ئېسىۋال-غان قارا چىراي ساقچى كۆزۈمگە كۆرۈندى. "كەچ بولغاندا نىمە دەپ كەلگەندۇ؟" دەپ ئويلىدىم ۋە ئەندىشىگە چۈشتۈم.

— كامال دىگەن سەنمۇ؟ — دىدى ئۇ سوغاقلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ.

— ھە، مەن.

ئۇ يۈزمۇ-يۈز تىللاپ كەتتى. ئەلۋەتتە غەزىۋىم كەلدى. باشقا كەلگەندە باتۇر.



— تىللىماڭ، — دىدىم مەنمۇ سوغاققىنا.

بىراق ئۇ مۈرەمدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ:

— جۈرە! ئەتىگەندىن بېرى نەچچە كەلدىم، نەگە قاچتىڭ ئوغرى! — دىدى.

— مەن ئوغرى ئەمەس!...

ئۇ قىلىچىنى "شارت" قىلىپ غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يانپىشىمغا ياپىلاق ھالىتىچە بىرنى ئۇردى. مەنمۇ ھومىيىپ كېلىۋىدىم، ليۇسۇرنىڭ دادىسى تۇتۇۋالدى ۋە:

— كامال، سەن قول تەككۈزمە، — دىدى.

ئۇ ئادەم بىر نەرسە بىلىدىغاندۇ، دەپ جىم بولدۇم. ليۇ-سۇرنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە سىڭلىمنى تۇتقان ئانام بىر چەتتە قارىشىپ تۇردى. سىڭلىم ئانامنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتىدۇ. ئانامنىڭمۇ داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى كۆزىدە.

يېزىدىن قايتىپ كېلىپ بىر چىنە ئىسسىق سۇ ئىچمىگەچكىمۇ كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرىم ئالمىشىپ دىگۈدەك ساقچىنىڭ قاپ-قارا دەرۋازىسىدىن ئاران كىردىم.

بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى، پۇل تېپىپ كېلىپ ئاندىن كالامنى ئېلىپ چىقىپ كېتەي دىگەن سۆزۈم ئۈچۈن تۈرمىدە ياتىمەن. ھېچبولمىغاندا ليۇسۇرنى كۆرىمەن دىگەن ئۈمىدىممۇ بىكار كەتتى. مېنى يوتكىگەن ئۆي قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا كىرىشىم بىلەنلا ھېچنىمىنى كۆرەلمىدىم، كۆز قاراڭغۇغا كۆنۈككەندىن كېيىن بىر كىشى كۆزۈمگە چېلىقتى. پەرىشان كۆڭلۈم بىر ئاز ئورنىغا

چۈشكەندەك بولدى.

— كەل ئۇكام، — دېدى تۇرمىدىكى ھېلىقى ئادەم مېنى قارشى ئېلىپ ۋە، — نېمە بولدۇڭ، سەنمۇ كونسۇلخانىغا قاراپ قويغانمىدىڭ، — دەپ كۈلدى. بۇنىڭ كۈلكىسىدىن قانداقتۇ بىر تۈرلۈك نەپرەت ۋە غەزەپ ئىپادىلىنەتتى، مەن مۇنداق سوئال-نىڭ بېرىلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم.

— ياق! — دېدىم مەن دېمىمنى ئېلىۋېلىپ، قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىگە ئوبدان سەپ سېلىپ بولۇپ، — يوقسۇزچىلىق.

— قەرزدار ئىكەنسەن-دە!

— قەرزدار بولسام مەيلىدىغۇ، قەرزداردىنمۇ ئوشۇق، — دېدىم-دە، بارلىق ئەھۋالنى سوزلەپ بەردىم.

— تۇفي! — دېدى ئۇ كىشى ئىشىككە قاراپ ۋە، — مەن بىلىمەن ئۇكام، ئۇ كالىنى مەن ھەيدەپ كەلگەندىم، — دېدى.

— ھە!...

— سەن ھەيران بولما، مەن سولۇنۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئاقۋاشنىڭ جاڭزىسىغا چىقتۇق. تۈن بەك قاراڭغۇ، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى توت كالىنى ئالدىمىزغا سېلىپ بەردى. ھەيدەپ كەلدۇق. ئۇ كالىلارنىڭ بىرسىنى تۈنۈگۈن بىر كىشىگە ساتتى ئەتىمالىم، ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قايسى كۈنى ئۇ كالىلاردىن بىرى ئاچلىقتىن "ھارام" بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈگىنى يەنە مەن سايغا ئەپچىقىپ تاشلىدىم، — ئۇ بىر



ھارسىنىپ قويۇپ، — بۇ يەردىكى ئىشقا ئۆگىنىپ قالدىم، — دېدى ۋە كۈلدى.

كوز ئالدىمدا كالام گەۋدىلەندى. "...ئۇنىڭ ئۆلۈگى سايغا تاشلاندى، ھارام بولدى..." ئۇنىڭ ھەققى سۈرىتى ھېلىغىچە خىيالىمدىن كەتمىدى. ئانامنىڭ كالىنى زوقلىنىپ سېغىشلىرى، ئۆيدىكى موزاينىڭ يېتىمسىراپ مورەشلىرى مېنىمۇ "ئاھ" چېكىشكە مەجبۇر قىلدى...

— سىلە نېمە بولۇپ سولاندىلا؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن ئۇكام، مۇشۇ كوچىدىن ئوتۇپ كەت-كەنتىم، — ئۇ بېشى بىلەن كونسۇلخانا كوچىسىنى ئىشارەت قىلدى، — ئاخشىمى ئىككى چېرىك مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىپ ھەيدەپ كېلىپ سولىغانچە، مانا يېتىپتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن زادى؟

— بىلمەيمەن، قايسى كۈنى بىر سوراق قىلدى، "سەن كونسۇلخانىغا نىمىشقا قارايسەن؟ نېمە ئالاقەڭ بار، ئېيت" دەيدۇ، ساپلا شۇنداق گەپلەر.

— قارىسا نېمە بولىدىكەن، — دېدىم ساددىلىق بىلەن.

— نەدىن بىلەي، قارىسام دەرۋازىلىرى ئىتتىكلىك تۇرۇپتۇ، جىمجىتلىق. ھەيران بولۇپ ئوتۇپ كەتتىم. ئەيىۋىم شۇ بولسا كېرەك. دەرۋازىغا قارىسا نېمە بوپتۇ. بۇ كوچىدا ماڭسا نېمە بوپتۇ، ئەتەي بىر ئىش-تە...

بىز خېلى سوھبەتلەشتۇق. مەن بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىگە زادىلا يېتەلمىدىم. سوۋېت كونسۇلخانىسىغا قاراشمۇ گۇنامۇ؟ بۇ بىچارە ئادەممۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. ئۇمۇ ھاڭ-تاڭ...

ئېغىلدا مال سودىسى بولدى ئەتىمالىم، يەنە بىر كالا سېتىلدى. سىرتتا شامالنىڭ بارلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. شامال بارغانسېرى بورانغا ئايلاندى. ئىشىك ئالدى-كەينىگە جالاقلاپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ غارسىلدىغان ئاۋازى قانداقتۇ بىر ئەنسىزلىكنى بىلدۈرەتتى.

ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى. شۇ ۋاقىتتىلا نامازشام بولغانلىغىنى بىلدۇق.

مېرا، — دەپ قىچاردى بىر ساقچى. ئۇنىڭ قولىدا كونىراق، كىرلىشىپ كەتكەن بىر مىلتىق بار ئىدى. ھەمرايىم ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ ساقچىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئالە، نەرسە-كېرەكلىرىڭنى، — دىدى ساقچى سوغاققىنا.

مېرا ئاكامۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولدى. مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، يۈرەكلىرىم ئۆز ئورنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدۇم.

مېرا ئاكامنى ھويلىغا تەييارلاپ قويغان بىر ئەسكى خادىككە ئولتۇرغۇزدى-دە، بېشىغا بىر تاغارنى كىيگۈزۈپ، ئىككى ساقچى ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. بىر ساقچى بىز ياتقان كامىرنىڭ ئىشىگىنى بىر تېپىۋىدى، ئىشىك جالاقلاپ يېپىلىپ



قالدى، ساقچى ئاندىن يوغان قۇلۇپنى سالدى. يالغۇز قالدىم، يېتىمسىرىغان موزىيىمىنىڭ كۈنى ئەمدى ماڭا كەلدى... مېرا ئاكامدىن ئايرىلغان ئىككى كۈن ئىككى يىلدەك بىلىندى. يالغۇز زېرىكىمەن، تېرىكىمەن، ئامال قانچە، كېچە-كۈندۈز مەن ئۈچۈن ئوخشاش. پەقەت يېنىمدىكى ئېغىلدىكى كالىلارنىڭ ئاچلىقتىن مورەشلىرى، پۇشۇلداشلىرى، ئۆزى دەسسەپ-چەيلەپ تۇرغان ئەخلەتلەرنى كوشەپ-كوشەپ يېيىشلىرى ماڭا ئاڭلىنىپ، مەدەت بەرگەندەك، ھەمرا بولغاندەك بىلىنەتتى.

7-كۈنى مېنىڭ بېشىمغىمۇ تاغارنى كىيگۈزۈپ، قولۇمنى باغلاپ ھويلىغا ئېلىپ چىقىپلا خادىككە سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. پەقەت شۇ چاغدىلا قولىغىمغا لىيۇسۇرنىڭ ئۇنى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىگىنى پەملىيەلمەي قالدىم.

* * *

غۇلجا شەھەر باش ساقچىسى گومىنداڭچىلاردىن تازىلانغاندىن كېيىنلا، بىز ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ تۈرمىدىن قۇتۇلدۇق. ئاردىن 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن لىيۇسۇرنىڭ دادىسى "بالا دەردى" بىلەن "سىل" بولۇپ ئۆلدى. لىيۇسۇرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۇققىنى بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇردى.

ماڭار چاغدا لىيۇسۇر بىلەن ئانامنىڭ خوشلاشقانلىغى ھىلىمۇ كوز ئالدىمدا. ئىككى موماي خۇددى قېرىنداشلاردەك بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ ئايرىلىشقان ئىدى.

لىيۇسۇر ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماڭا 3 قېتىم خەت يازدى. مەنمۇ

www.uyghurkitap.com

جاۋاپ يازدىم، لېكىن دىدار كورۇشەلمىگەن ئىدۇق. ئەمما بىر كورۇشۇش ئارمان ئىدى. كوز ئالدىمدا هامان ليۇسۇر ۋە ئۇنىڭ ئانىسى گەۋدىلىنەتتى.

مانا، هازىر ئۇ ئانا هايات! مېنى ئوز ئوغلىدەك قارشى ئالدى. پۇتمەس-تۇگىمەس ئانىلىق مېھرىنى چاچتى...

*
* *

خىيالىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نىمىشقىدۇ ئوپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، دېمىم سىقىلىپ كەتتى. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماكا چەكتىم.

ليۇسۇر ئېلېكتىر چىراقنى ياندۇردى. ئۇنىڭ تورىدىكى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە 2-قېتىم قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشتۇق. كوزۇمدىن چىققان ياشنى ليۇسۇردىن يوشۇرۇۋالدىم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بولدىمۇ، تىكىلىپ قارىيالمىدى.

بۇ ياشلار پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا بولغان مىننەتدارلىق بۇ ياشلار قەدىناس دوستلارنىڭ پۇتمەس-تۇگىمەس خوشاللىغىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

1959-يىل 9-ئاي، ئۇرۇمچى.



# ئۇستاز

كەچ سائەت 8 مەزگىلى، بولۇمدە 4 نەپەر ئوقۇتقۇچى جىددى هالدا دەرس تەييارلاۋاتاتتى. سۇس هاۋارەڭ سىرلانغان ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرگەن پاكۇلتېت تۇرمۇش كاتىۋى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىغا بىر كونۋېرتنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەرس تەييارلىشىغا دەخلى بەرمەي دىگەندەك، يېنىك-يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

دەرسكە ئائىت قوشۇمچە ماتىرىياللاردىن نىمىنىدۇ بىر نەرسىنى بېرىلىپ ئىزدىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى هە دىگەندە كونۋېرتقا قارىمىدى. ئۇنىڭ كەڭ ياپىلاق ماڭلىيىدا يالتىراپ تۇرغان تەر تامچىلىرى بۇ ئىشقا ناهايىتى جىددى كىرىشىپ كەتكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئاخىر، مەلۇم مەسىلىنى هەل قىلدى بولغاي، بېشىنى كوتىرىپ كونۋېرتقا كوز يۇگۇرتكەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا كۇلۇمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ دەررۇلا كونۋېرت ئىچىدىن خەتنى ئالدى.

"قەدىرلىك ئۇستازىم، — دەپ باشلىناتتى خەت، — مېنىڭ خىزمەت ۋە ئۇگىنىش ئەهۋالىمنى بىلگىڭىز كېلەر. مەكتەپ

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكى، كونا ئۇستازلار بىلەن دوست-
لارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تىرىشىپ ئىشلەۋاتىمەن. لېكىن، نىمە
ئۈچۈندۇر، دەرس ئوتۇش، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن ياخشى
تەربىيلەش ۋە ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمدە ئوزەمدە
خېلى دەرىجىدە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بارلىغىنى ھىس قىلىمەن.
بۇنداق چاغلاردا كوز ئالدىمغا سىزنىڭ ئوبرازىڭىز كېلىدۇ.
قەدىرلىك ئۇستازىم! سىزدىن ئوتۇنۇپ سورايمەنكى، قىممەتلىك
ۋاقتىڭىزدىن مەن ئۈچۈن ئازراق ئاجرىتىپ، مۇشۇ ھەقتىكى
تەجرىبىڭىز بىلەن ئۇسۇلىڭىزنى يېزىپ ئەۋەتىپ بەرسىڭىز...“

ئوقۇتقۇچى خەتنى تۇتقىنىچە جىم تۇرۇپ قالدى ۋە خىيال
سۈردى. كېيىن خەتنى ئاستا ئۇستەل ئۇستىگە قويدى-دە،
تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسىدە: ”بۇ خەتكە نىمە دەپ جاۋاپ
بەرسەم بولار، مەندە نىممۇ تەجرىبە بولسۇن؟ ئۇ ئۈگىنىمەن
دىسىلا، ئوزى ئىشلەۋاتقان مەكتۇۋدە پارتىيە ياچېيكىسى، كونا،
بىلىملىك ۋە تەجرىبىلىك ئۇستازلار بارغۇ؟!“ دىگەن خىياللار
ھوكۇم سۇرەتتى.

تېخى ئوتكەن يىلىلا جەمىيەت خىزمىتىگە چىققان بۇ
شاگىرتىدىن ئالغان خەت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كوز ئالدىغا ئوزى
ئوقۇتۇۋاتقان ھازىرقى سىنىپى كەلدى. خۇددى شۇ سىنىپتا بۇ
خەتنىڭ ئىگىسى باردەك، ئۇ ئوقۇتقۇچىنى كۇتۇپ ئولتۇرغاندەك
سېزىلدى. ئۇ ئالدىدىكى ماتىرىياللارنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ،



پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭغان ئىدى، ئۇنىڭ
ئالدىغا خەنزۇ سىنىپىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇچرىدى. ئۇنىڭ
قولىدا كىتاپ بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ كوزى كىتاپقا چۈشۈشى
بىلەن تەڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ يېشەلمىگەن بىرەر سوئالى بارلىغىغا
دىتى يەتتى-دە:

—ھە، نىمە گەپ؟—دەپ سورىدى.

—مەيەردە...—ئوقۇغۇچى سوزىنىڭ ئاخىرىنى دىمەيلا كىتاپنى
ئېچىشقا باشلىدى، ئوقۇتقۇچى بولسا ئۇ ئېچىۋاتقان كىتاپ-
نىڭ بەتلىرىگە قاراپ تۇراتتى. ئاخىر ئوقۇغۇچى ماتېماتىكا
دەرسىدىن چۈشىنەلمىگەن بىر مەسىلىنى كورسەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار كارىدوردىكى ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇغىدىلا مەسىلە
يېشىشكە كىرىشىپ كەتتى. 10 مىنۇتلاردىن كېيىن ئوقۇغۇچى:

—رەھمەت سىزگە، رەھمەت،...—دىدى-دە، خۇددى
يوقاتقان زورۇر بىر نەرسىنى تېپىۋالغان كىشىدەك خوشال
بولۇپ يۇگرەپ كەتتى.

ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاز قاراپ تۇردى-دە،
كېيىن كۇلۇمسىرەپ پارتىيە ياچېيكا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

* * *

—سالام!

—سالام!...

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ياتىغىنىڭ 3-قەۋىتىگە چىققاندا
كارىدوردا بىرقانچە ئوقۇغۇچى ئۇچرىدى. ئۇلار ھەممىسى

چەتتىرەك تۇرۇپ سالام بېرىشتى ۋە قول ئېلىشىپ كورۇشتى.
ئۇ بىرىنچى ياتاققا كىرىپ قارىغىنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ياتاق پاكىز، پوللىرى قىپ-قىزىل يۇيۇلغان، كارۋاتلار رەتلىك ئىدى. ئوقۇتقۇچى بۇ ياتاقتىن قانائەت ھاسىل قىلىپ خوشال قايتىپ چىقتى. ئىككىنچى ياتاققا كىرگەندە، بىر كارۋاتتىكى ئەدىيالنىڭ رەتلىك يېپىلمىغانلىغىنى كوردى-دە، ئۇنى چىراي-لىق قىلىپ تۈزەپ قويدى ۋە قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا:
—بۇنى مۇئەللىم كىرىپ تۈزەپ قويدى دەپ يۈرمەڭلا يەنە، —دەپ كۇلۇمسىردى-دە، 3-ياتاققا كىرىپ كەتتى.
ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كىچىككىنە چىرايلىق ئۇستەلدە ئىككى ئوقۇغۇچى باش كوتىرىشمەي نىمىلەرنىدۇ ئىشلە-شىۋاتاتتى. ئۇلار ئىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، سىرتتىن كىمنىڭ كىرىپ، ئۇيدىن كىمنىڭ چىقىپ كېتىپ بار-غانلىغى بىلەن كارى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھازىر ئوقۇتقۇ-چىنىڭ كىرگەنلىگىنىمۇ تۇيمىدى.
ئوقۇتقۇچى ئوزى بىلەن بىللە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارغا "جىم!" دىگەن ئىشارەتنى قىلدى-دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئورە تۇرۇپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۇتتى، بىراق مەسىلە يېشىلمىدى. ئاخىر ئۇلار مۇنازىرىلىشىپ قېلىپ ئۇستەلدىن باش كوتىرىشكەنلىرىدە ئوقۇتقۇچىسىنى كوردى ۋە ئىككىسى تەڭلا مۇئەللىمگە ئورۇن كورسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
ئۇلار ئىنتايىن خوشال بولدى.



—ھە، نىمە ئىشلەۋاتىسىلەر؟ —دىدى ئوقۇتقۇچى ھېلىراق-تا ئوزى كورۇپ ئوتكەن مەسىلىنى كورمىگەنگە سېلىشىپ بىر ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە ئىسسىق چاي قۇيدى.
—مۇشۇ بىر مەسىلە ئۇستىدە خېلى جىق ئىشلىدۇق، بىراق، زادىلا يېشەلمەيۋاتىمىز، —دىدى ئىككىنچى ئوقۇغۇچى، بىرىنچىسى بولسا:
—باياتىن بېرى خېلى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق، توغرا ئىشلەپتىمىز، بىراق، مۇشۇ بىر مەسىلە كوپ ۋاقتىمىزنى ئېلىپ كەتتى، —دىدى.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخى ئوتۇلمىگەن دەرسلەرنى ئوزلۇگىدىن ئوگىنىشكە بېرىلىۋاتقانلىغىنى كورگەن ئوقۇتقۇچى خوشال بولدى.
—قېنى، قانداق ئىشلىدىڭلار؟
ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئىشلىگەن قەغەز ۋە كىتاپ-لىرىنى يېيىپ قويدى. ئوقۇتقۇچى ھەممىسىنى بىر قېتىم كوزدىن كەچۇردى ۋە:
—مانا، سىلەر خاتالىشىپ كېتىپ بارغان نۇقتا مۇشۇ، —دىدى، ئاندىن ئوزى تەپسىلى ھالدا باشتىن سوزلەپ بەردى. ئاخىر مەسىلە يېشىلدى. ياتاقنىڭ ئىچىنى كۇلكە قاپلىدى.

* * *

"دەرس ئوتسە، مۇشۇنداق ئوتسە..." ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەنئۆەر ئەپەندى ھەققىدە سوز چىقسا مۇشۇنداق سوزلەر قۇلاققا

كوپ كىرەتتى. تېخى ئەمدىلەتىن 22-23 ياشلارغا كىرگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى دىخان يىگىتى، ئىتتىپاق ئەزاسى ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر 57-يىلىلا شىنجاڭ شۆيۈەن فىزىمات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈردى ۋە شۇ يىلىلا شىنجاڭ سىفەن شۆيۈەن فىزىمات پاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى.

دەسلەپ بۇ ياش ئوقۇتقۇچىدا خېلىلا ئەندىشىلەر بولدى. "مەنمۇ شۆيۈەننى پۈتتۈردۈم، ئەمدى شۆيۈەندە دەرس بېرىمەن، ھە..." دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سوئال تەرىقىسىدە. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېسىگە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ: "پارتىيىگە سويەن، ئاممىغا سويەن، پەننى سوي، شۇ ۋاقىتتىلا ھەممە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ" دېگەن سوزى يەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ھەقىقەتەن پارتىيىگە، خەلققە سويەندى، پەننى سويدى، ئۇ كۈچ تاپتى، ئۇنىڭدىكى ئىتتىپاق ئەزالىق بۇرچ ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى يەڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، "قانداق قىلسام پارتىيىنىڭ كۈتكىنىدەك ئوقۇتقۇچى بولالايمەن، قانداق قىلسام ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تەربىيە بېرەلەيمەن، قانداق قىلسام خەلق مېنىڭدىن رازى بولىدۇ" دىگەنلەر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كونا ئۇستازلاردىن تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ئۆز ئالدىغا مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ قويدى ۋە شۇنداق ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەنلا قاراپ تۇرماستىن ئۆزلۈكىدىن تىنماي ئىزدەندى، "ئاساسىي مەسىلە ئۆزەمدە، مەن دەرسىمنى پىشقەدەم ئۇستازلارغا ئوخشاش قىزىقارلىق ۋە



چۈشىنىشلىك قىلىپ ئۆتۈشۈم كېرەك. پەننى ھەقىقەتلەرنى ۋە ئومۇمى ھەقىقەتلەرنى، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرمەي، پەننى سويۈش، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا پەننىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى رولى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتمەي تۇرۇپ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەممۇ سىياسى ماتېرىياللارنى كوپ كورۈشۈم، ئۆگىنىشىم كېرەك، شۇنداقلا مەن ئۈچۈن خەنزۇچىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم..." دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىگە يۇقۇرى تەلەپ قويدى ۋە جان-دىل بىلەن بۇ ئىشقا بېرىلدى. نەتىجىدە، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى كورۈلۈشكە باشلىدى.

پاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسى ئەنۋەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھىساپقا ئېلىپ، ئالى ماتېماتىكا ئۆتۈشنى بەلگىلىدى. بۇ دەرسنى بولسا، ئۆتكەن يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، يەنە شۆيۈەننىڭ ئۆزىدە بىلىم ئاشۇرۇش ھىساۋىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. دەسلەپتە ئەنۋەر بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى، خىجىللىق ۋە ئەندىشىدە بولدى. "مەن بۇ ئالى ماتېماتىكىنى تولۇق كورمىسەم، ئوقۇمىغان دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق بېرىشكە بولىدۇ؟ ئۇنى دېگەندەك ئۆتەلمەي قالسام، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتى بىكارغا كەتمەمدۇ؟"

كافېدرا باشلىقى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لاۋسۇڭ ئەنۋەرنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىپ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ئۇ دەرسنى بېرىپ كېتىشىڭىزگە پارتىيە ئىشەندۇ، سىز ياش، تىرىشىپ ئۆگىنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇچىنى تولۇق ئۆگىنىڭ، پەننىڭ ئىشىگىنى قىيا ئېچىش ئالدىدا تۇرىسىز، قورقماڭ، ئېچىپ كىرىڭ، شۇ ۋاقىتتىلا ھەممە ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق ۋە غەلىبىلىك بولىدۇ. سىزگە پارتىيە ياچېيكىسى دائىم ياردەمدە، پىشقەدەم ئۇستازلىرىڭىز ياردەمدە!...»

ئەنۋەرنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

— بولدى، بېرەي، — دېدى ئۇ ئاخىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

* * *

كافېدرا باشلىغى لاۋسۇڭ، پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى جامالدىن ئەنۋەرنى ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى قىلىشۋالدى. بىرسى خەنزۇچىدىن ياردەم قىلسا، بىرسى كەسپىي جەھەتتىن ياردەملەشتى.

1959 — 1960 - يىللىق ئوقۇشنىڭ دەسلىۋىدىلا خەنزۇچىدىن ھېچنىمە بىلمەيدىغان ئەنۋەر ھازىر كەسپكە دائىر ماتىرىياللاردىن پايدىلىنالايدىغان بولۇپ قالدى. ئەنۋەر شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، ھەر بىر ئۆگەنگىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى.

مانا ئەنۋەر بولۇمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىشلىگىلى ئىككى سائەتچە بولدى. باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كوپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى بولسا، كەچ سائەت 10 لەرگىچە ئىشلەپ



قايتىشتى. لېكىن ئەنۋەر سائەتنىڭ 12 بولۇشى ... كار
يوق، ئالدىدىكى خەنزۇچە كىتاپلاردىن نىمىلەرنىدۇ ئوچۇر
مەكتە.

جىمجىت كارىدۇردا كىملەرنىڭدۇ ئاياق تاۋۇشلىرى
ئاڭلاندى. سەل ئوتمەيلا كافېدرا باشلىغى لاۋسۇڭ ۋە جامال
دىن ئەپەندىلەر ئەنۋەر بار بولۇمگە كىرىپ كېلىشتى.

ئۇلار كافېدرا پىلانلىرى ۋە باشقا مەسىلىلەرنى مۇزاكىر
قىلىشىپ، كېچىكىپرەك بولۇملىرىدىن چىقىشقاندا، ئوقۇتقۇچىلا
بولۇمنىڭ چىرىغىنىڭ ئۇچمىگەنلىگىنى كورگەن ۋە ئوقۇتقۇچە
لار بار ئۇخشايدۇ، بولمىسا نىمىشقا چىراقنى ئوچۇرۇۋېتىس
كېتىشمەيدۇ دېگەن خىيال بىلەن كىرىشكەن ئىدى، بولۇمد
يالغۇز ئولتۇرغان ئەنۋەر ئۇلارنى كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ
كۇتىۋالدى.

— نىمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى كافېدرا باشلىغى ۋە يېقىن
كەلدى، ئەنۋەرنىڭ ئۈستىلىدە خەنزۇچە ئالى ئالگېبرا ۋ
باشقا تىللاردىكى ئالگېبرا كىتاپلىرى، خەنزۇچە لۇغەتلەر
يېڭىدىن ئىشلەۋاتقان كونسپېك دەپتەرلىرى ۋە بىرقانچە س
ياسى - ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيە قوللانمىسى تۇراتتى.

بۇلارنىڭ كىرگىنىگە ئەنۋەر بەك خوشال بولدى. ئۇ دەررۇلا
تاپالماي تۇرغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى سورىدى. قايتىشق
جابدۇنۇپ مېڭىشقان بۇ ئىككى يولداش قولتۇقلىرىدىكى ماتىر
ياللارنى ئۈستەلگە قويدى - دە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەتىكى دەرسى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى

ئۇچۇن تەييارلىماقچى بولغان كونسپېكتىگە ئېڭىشتى. ئۇلار جىددى ئىشقا كىرىشىپ كېتىشتى.

* * *

—رەھبەرلىكنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى، قوللىشى، ئۇستازلارنىڭ ماڭا ئايرىمچە كوڭۇل بولۇشى، بولۇپمۇ خەنزۇچە ئۇگىنىش مېنىڭدە مەلۇم بۇرۇلۇش-يۇكسىلىش پەيدا قىلدى. بىراق يەنىلا بەزىبىر مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلىۋاتىمەن، مۇھىمى، ياشلارنى رىغبەتلەندۇرۇش، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىش...

ئۇ مانا شۇ سوزلەردىن كېيىن، ھەممىشەم دىگۇدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىدە بىللە بولدى ۋە ھەر خىل ئىدىيىۋى ئەھۋاللار، ئىستىل مەسىلىلىرى، كىمنىڭ نىمىگە قىزىقىدىغانلىقى، ھەرقايسىسىنىڭ ئەمگەك كوزقارىشى ۋە قابىلىيىتىنى ئەتراپلىق، ياخشى ئىگەللىۋالدى.

—زادى ئاساسي سەۋەپ نىمە؟ —دەپ سورىدى ئۇ ئوقۇشتىن سوۋۇپ قالغان، ئوقۇشتا ناچارراق بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ. بۇ سوھبەتتە ئۇ ھىلىقى ئوقۇغۇچىسىنىڭ سەممىيەتلىكىنى سىنىماقچى ئىدى. ھە دىگەندە ئوقۇغۇچى:

—ئوقۇشتىن زېرىكىپ قالدىم، ئاتا-ئانامنى كورگۇم كەلدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىمەن، دىگەنگە ئوخشاش جىڭغا ئولتۇرمايدىغان سەۋەپلەرنى كورسەتتى.

—خوپ، —دىدى پۇتۇن ئەھۋالنى بۇرۇنلا ئىگەللەپ بولغان



ئەنۋەر، —سىزنىڭ بۇ سەۋەپلىرىڭىز مېنىڭچە سەۋەپ ئەمەس، سىز ئالدى بىلەن نىمە ئۇچۇن ئوقۇيمەن، كىم ئۇچۇن ئوقۇيمەن دىگەننى ياخشى چۇشەنسىڭىزلا بۇ مەسىلىلەر ئوزلۇگىدىن ھەل بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئوقۇشتىن زېرىكمەيسىز. —ئاندىن ئاتا-ئانىسىدىن خەت كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى سۇرۇشتۇردى.

—خەت كېلىپ تۇرىدۇ، —دەپ جاۋاپ بەردى ئوقۇغۇچى.

—ھە، خەتتە نىمە دەپتۇ؟

ئوقۇغۇچى جاۋاپ بېرەلمەي قالدى، بىراق كۇلدى.

—ئاتا-ئانىڭىز گۇڭشېدىغۇ؟

—ھەئە.

—ئەمىسە، مېنىڭچە، ئاتا-ئانىڭىز ھەققىدە ئارتۇقچە ئويلاشىنىڭ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقىنى خىيال قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسىرلەر بويى بەختىيار ئوتۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن دىخانلار بۇگۇن پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا ئوز بەختلىرىنى تاپتى. ئۇلار ھازىر ھېچنىمىگە مۇھتاج ئەمەس، ئۇلارنىڭ نىشانى تېزرەك سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك جەمىيەت قۇرۇش...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئوقۇغۇچىنىڭ كوز ئالدىدىن تېخى يېقىندىلا ئانىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان خەتتىكى مۇنۇ سوزلەر بىرلەپ ئوتتى: "...جېنىم بالام! بىزدىن قىلچە ئەنسىرىمە، تېنىمىز ساق، تۇرمۇشىمىز ياخشى. ئۇكىلىرىڭ ئوقۇۋاتىدۇ، داداڭ ئىككىمىز ئەمگەك قىلىۋاتىمىز. داداڭ گۇرۇپپا باشلىقى. ھازىر گۇڭشېمىزدا دىخانچىلىق قىلىش بىلەنلا قالماي، بىز ئومرىمىزدە

كورمىگەن زاۋۇتلارنىمۇ قۇردۇق. ئۆيلىرىمىزدە ھىلىقى قارا چىراقنىڭ ئورنىنى ئېلېكتر چىراق ئالدى. ئەمدى يەنە باشقا زاۋۇتلارنى قۇرىمىز دەۋاتىدۇ. مانا شۇلارغا ساڭا ئوخشاش ئوقۇغان ئادەملەر كېرەك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىڭنىڭ سۆزىنى ياخشى ئاڭلاپ ئوبدان ئوقۇغىن. ھەي، بالام، مەن ئاناڭنىڭ قېرىپ قالغانلىقى، بولمىسا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئوقار ئىدىم...»

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسى بىلەن خېلى سوھبەتلەشتى، ئاخىرى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىدىن كۈلۈپ قايتىپ چىقتى.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئېرىنمەي-زېرىكمەي دىققەت قىلدى ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئايرىمچە كۈچ چىقىرىش بىلەن ئىشلەپ، بۇ جەرياندا سىنىپتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ئەركىن سۆزلىشەلەيدىغان بولدى. بولۇپمۇ سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتتە ۋە كەسپىي جەھەتتە ئۆزئارا ياردەم قىلىش قانات يېيىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 33 ئوقۇغۇچىسىدىن بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىلا 19 بالا ئەلاچى، 13 بالا ياخشى، پەقەت بىرلا بالا ئوتتۇرا بولغان بولسا، 2-مەۋسۇمدىكى ئىمتىھاندا 26 بالا ئەلاچى بولدى.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىكى بۇ يۈكسىلىشكە ماسلىشىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىلىرىگە قاتنىشىپ، ھەل قىلالمىغان مەسىلە-لەرنى ۋاقتىدا، ئىزچىل ھالدا ھەل قىلىپ بەردى.

— ماتېماتىكا، — دېدى ئۇ سىنىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر سوھبەتتە، — باشقا پەنلەرنىڭ ئاساسى ۋە ئۇلارنى ئۆگىنىشنىڭ قورالى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا زورۇر پەن، بۇ پەندىكى ئاساسىي بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارنى بىلىملەردىن پايدىلىنالايدىغان ئىقتىدار ۋە ماھارەت بىلەن قوراللاندۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنتىقى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۇستۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ماتېماتىكىنى قانداق ئوقۇش ۋە ئۇنى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى-ماھىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. ئەڭ ئاخىردا بۇ پەننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئويناۋاتقان رولىنى تۆۋەندىكىدەك ناھايىتىمۇ ئاددىي ۋە ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى:

— ئادەملەر بىلىمىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ماتېماتىكىمۇ ئادەملەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە باغلىق. بىز ماتېماتىكا تارىخىدىن قارىساقمۇ، كىشىلەرگە دەسلەپتە دېڭىزلاردا سەپەر قىلىش، كان قېزىش، قانال قېزىشقا ئوخشاش ئىشلاردا ھەر خىل تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەركەت قانۇنلىرىنى ماتېماتىكىدا ئىپادىلەشكە ئېھتىياج تۇغۇلدى. ماتېماتىكا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ساھەلەردە ئىشلىتىلىدۇ. رېيال دۇنيانىڭ ھەممە ساھەلىرىدە سانلار مۇناسىۋەتلىرى بار. شۇڭا ماتېماتىكا ئىشلىتىلىدىغان ساھەلەر ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن،

تەبىي پەنلەردىكى تەتقىقات ئىشلىرىدا، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ساھەلىرىدە، خەلق ئىگىلىگىدە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە نۇرغۇن باشقا ساھەلەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ماتېماتىكا مەسىلىلىرى بار. مەملىكىتىمىزنىڭ ماتېماتىكا خادىملىرى ئەمىلىيەت جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپمۇ بەردى.

ئۇ بۇنىڭدىن تاشقىرى ماتېماتىكىنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، دولىتىمىزدە ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، پەندىكى بۇرژۇئاچە قاراش مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ ماتېماتىكا پەنلىرىدە ئىدىيىۋى تەربىيە بەرگىلى بولمايدۇ، دېگەن خاتا قاراشلار ئۈستىدە بىرقانچە قېتىم سىياسى-ئىدىيىۋى دوكلاتلار، ئىلمىي سوھبەتلەر ئېلىپ باردى. نەتىجىدە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىدە يېڭىلىقلار بولدى، پەنگە بولغان قىزغىنلىقى ئاشتى، ھەم قىزىللىشىش، ھەم مۇتەخەسسىسلىشىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى، شۇنداق قىلىپ، سىنىپتىكى 5 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىۋى قىزىل بايراققا ئىگە بولدى.

* * *

شۇيۈەندىكى بىرىنچى قېتىملىق قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ 3-كۈنى ئەنۋەر فىزىمات پاكۇلتېتىدىن يېتىشىپ چىققان قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرىدۇ.

— مەجلىس كۈن تەرتىۋى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق



بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت-مائارىپ ساھەسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىنىدۇ، — دېگەن سوز مەجلىس رەئىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا زال جىمجىتلىققا چوكتى. ھەممىنىڭ دىققىتى رەئىستە. ئۇ بىرىنچى بولۇپ: ”فىزىمات پاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىسى — ئەنۋەر تالىپ“ دېگەندە، مەن دەررۇلا ئەنۋەرگە قارىدىم. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغان بولۇشى كېرەك، قىپ-قىزىل قىزىرىپ كېتىپتۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىقنى توق ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئوخشىتىشقا بولاتتى.

— يولداش ئەنۋەر، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى يېنىدا ئولتۇرغان ياش مۇئەللىم ھاياجان بىلەن.

مەنمۇ ئۇنىڭ سوزلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم، ئۇ بېشىنى سەل كوتەردى، ئەمدى قارىغىنىمدا ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كوزىنىڭ چاناقلىرىدا مەرۋايىتتەك پاقىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كوردۇم.

— مەن، — دېدى ئەنۋەر، — ھېچ ئىش قىلالمىدىم، قىلغان ئىشىم ناھايىتى ئاز ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، مېنىڭ ۋەزىپەم. مەن پارتىيىدىن، خەلقتىن مىننەتدارمەن، مېنى پارتىيە ئوستۇردى، مەن يەنە سويۇملۇك ئۇستازلىرىمدىن مىننەتدارمەن، خەنزۇ ئاكىلارنىڭ ياردىمىدىن مىننەتدارمەن. بۇ شان-شەرەپ پارتىيىگە، ئۇستازلىرىمغا مەنسۇپ.

1960-يىل 5-ئاي، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پەخىرلىك كىشى

قاراڭغۇ كېچە، غەرپتىن چىققان شامال ئەمدى ئۆتتىكىلدى. شامال ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن يامغۇر دانچىلىرىنى كىشىنىڭ يۈزىگە ئەندىكتۈرۈپ-ئەندىكتۈرۈپ ئۇرماقتا ئىدى. ھاۋانىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، يامغۇرنىڭ تېخى بارغانسېرى ئۆتتىكىلىشى مۇمكىن ئىدى.

—خەير، خەير، سالامەت بولۇڭلار! ياخشى چۈش كورۇڭلار. ھە، ئىنىم قۇربان، ھىلىقىنى ئۇنتۇماڭ. پازىل، سىز شۇجىغا ئېلىپ چىقىدىغان دوكلاتنى-ھە!...—ۋېلەم ئاكا ھەمراھلىرى بىلەن يەنە نىمىلەرنىدۇ دېيىشىپ خوشلاشتى-دە، ئېتىنى دېۋى-تىپ قامچىلىدى.

—ھە، جانۋار!—ئۇ ئىنگەرنىڭ قېشىغا قوسىقىنى ئارتىپ، ئالغا ئىڭىشتى ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئاتمۇ بۇنى بىلگەندەك شامال ۋە يامغۇرغا قارشى ئۆزىنى ئاتتى.

بۇ گوڭشې بىرقانچە كىچىك خوشنا يېزىدىن (بۇرۇنقى بىرقانچە ئالىي كوپىراتىپتىن) تەركىپ تاپقان بولۇپ، A يېزىسى-دىن بىرقانچە دېخان—ئىشلەپچىقىرىش ھەيئەتلىرى، كەمبەغەل



دېخانلار ۋەكىللىرى ۋە دۇيجاڭلار گوڭشېغا مەجلىسكە بارغان ئىدى.

مەجلىستە يازلىق پەرۋىش—ئوتاق، سۇغۇرۇش، ئوغۇتلاش ۋە كۈزلۈك يىغىم-تېرىمغا دائىر بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر قارالدى ھەم كونكرېت چارە-تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەجلىس بەك ئۇتۇقلۇق ئاخىرلاشتى. 40 ياشلار چامىسىدىكى كەڭ غوللۇق، توم بىلەكلىك، قاپ-قارا قايرىم بۇرۇتى بىلەن تۇم قارا قېشى خۇددى قىپ-قىزىل ئالمىدەك قان تېمىپ تۇر-غان ھوسنىگە ياراشقان ۋېلەم ئاكىمۇ ئەنە شۇ يىغىنغا بېرىپ قايتقان ئىدى.

كەچ سائەت 10-11 لەر مەزگىلى. ۋېلەم ئاكىنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ سىرتىدىراق بىر جاڭزىدا (بۇرۇن بىر پومېشىكنىڭ ئىدى) بولۇپ، ئۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش دۇيى پارتىيە ياچېي-كىسىنىڭ شۇجىسى ھاكىمجان ۋە يەنە 2 دېخان بىلەن خوشنا ئولتۇرۇشاتتى. يېزا بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. ۋېلەم ئاكا بەزىدە ئېتىز ئارىلىقىدىكى چوڭ يول بىلەن، بەزىدە چوڭ يولدىن چىقىپ، ئوت-چۆپ قاپلاپ كەتكەن چىغىر يول بىلەن ئېتىنى يورۇتۇپ كېتىپ باراتتى. ئەلۋەتتە قاراڭغۇ كېچىدە، بارغانسېرى قويۇقراق چۈشۈۋاتقان يامغۇردا بىر نەر-سىنى بايقاش تەس، بۇ يولدا تولا مېڭىپ كونۇپ كەتكەن تورۇق قاشقا ئۆزى تىزگىن سېرىپ، قەدەملىرىنى دادىل تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ۋېلەم ئاكا بولسا بېشىنى ئېڭىشتۈرۈپ، يامغۇر-

دىن مۇداپىئەلىنىۋاتقاندەك كورۇنەتتى.

ئات چىغىر يولدىن چوڭ يولغا چۈشتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە چىغىر يولغا چىقتى. ئىشقىلىپ بىر ئۇ يولدا، بىر بۇ يولدا ماڭدى. مانا ئۆيگىمۇ ئاز قالدى. نەق شۇ چاغدا ئاتنىڭ قەدىمى بىردىنلا ئاستىلىدى.

دۈينىڭ بۇ يىلقى كۈزلۈك بۇغدىيى ۋېلەم ئاكا ئولتۇرغان شۇ جاڭزىنىڭ ئۇپچۇرىسىدە بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇنلا بۇ بۇغدايغا 2-قېتىم سۇ تۇتۇش باشلانغان ئىدى. ۋېلەم ئاكا مەجلىسكە ماڭغاندىمۇ، كۈنگە 100-150 مو يەرنى سۇغۇرۇشنى كوتىرە ئالغان بىر بولۇم كىشلەر سۇنى ياخشى باشقۇرۇپ، خۇددى ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان شوخ سۇدەك خوشال ۋە كوتىرەڭگۈ هالدا ناخشىنى چاڭ كەلتۇرۇپ سۇ تۇتۇۋاتاتتى. مۇنداق قارىماققا بىر تامچە سۇمۇ ئىسراپ بولمىغاندەك، ئەزالارمۇ ئۇنىڭغا ئايرىمچە كوڭۇل بولگەندەك ئىدى. بۇ ئەهۋالغا خوش بولغان هەممە دىخانلار سۇچىلاردىن رازى بولۇپ، "بارىكاللا" دېيىشەتتى. ۋېلەم ئاكىمۇ خۇددى شۇنداق رازى ۋە مەمنۇن ئىدى. تېخى ئايرىملىرى بىلەن بىرەر تالدىن تاماكىمۇ چېكىشىپ، ئىملەرنىدۇ دېيىشىپ، كۈلۈشۈپ مەجلىسكە كەتكەن ئىدى.

مانا هازىر كەچ، قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇرنىڭ يېغىشىنى قاراڭ! باياتىن ئاتنىڭ تۇياقلىرى يول ئۈستىدىكى ئوسكىلەڭ ئوت-چوپكە، يەر ئۈستىنى ئەمدىلا شاتىراغدىغان پاتقاققا



ئۆرۈلگان بولسا، ئەمدىلىكتە ئاتنىڭ مېڭىشى بىردىنلا ئاستىلىدى، ئات شالداقلىتىپ سۇ كېچىشكە باشلىدى.

ۋېلەم ئاكىنىڭ شۇنچە ئالدىراش كېتىپ بارغانلىغىغا قارىماي، مەجلىس روهى، ئەتىكى ئىشلار هەققىدە ئويلاپ كېلىۋاتقان ئوي-خىياللىرى بىردىن يوقالدى-دە، بىر نەرسە يۈرىگىنى مۇجۇغاندەك بولدى. ئۇ ئوز خىيالىدا گۈڭشې پارتكومىنىڭ مەسئۇلىنىڭ "هەممە ئىشنى ئىشنىپ ياشلارغىلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بىز كوممۇنىستلار، ئاكتىپلار هەرقانداق شارائىتتا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشىمىز زورۇر. دىخانچىلىق ئىشى ئويۇن ئەمەسلىگىنى بىلىمىز..." دىگەن سوزلىرىنى تەكرارلاۋاتاتتى.

— بۇ نىمە سۇ؟ — ئۇ هەيران بولدى، ئۇنىڭ گەۋدىسىنى گويا بىر تۈگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك بولدى. ئۇ ئېگىشىپ سەپ سالدى. ئات قانداقتۇ بىر چوڭقۇر كېچىكنى كەچكەندەك، تىزىنىڭ يۇقۇرىسىغىچە سۇ كېچىپ كېتىۋاتاتتى. مەسىلە ئېنىقلاندى.

"نىمە قىلىش كېرەك؟!" ئۇنىڭ مېڭىسىدە كەسكىن كۈرەش باشلاندى، ئۇ بۇ هالدا يامغۇرنىڭ قاتتىق يېغىۋاتقانلىغىنىمۇ، ئويىگە ئالدىراۋاتقانلىغىنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر مۇهىم مەسىلە، يېڭى مەسىلە تۇراتتى. ئۇ ئۈزەڭگىنى دەسسەپ ئورە تۇردى-دە، بويۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرۇپ ۋاقىردى:

— ئابدۇللام! هەي — ئابدۇللام...!

ئۇ خېلى ۋاقىراپ باقتى، ئەمما بۇ قاراڭغۇ، يامغۇرلۇق كېچىدە ھېچقانداق جاۋاپ-ئاۋاز ئاڭلانمىدى. پەقەت يامغۇر-نىڭ شاقىراپ ياققان تاۋۇشىلا ئاڭلىناتتى.

خېلىدىن بېرى گۈكىرەپ ئېقىۋاتقان بىر ئېرىق سۇ يەتتە مو كەلگۈدەك بۇ ئېتىزغا چۈشۈپ، چوڭ يول تەرەپتىكى قىرنى بۇزۇپ يولغا چىقىپ كېتىپ باراتتى. "نېمە قىلىش كېرەك؟ سۇ تۇتقۇچىلار نەگە كەتتى؟ ياكى يامغۇردىن قېچىپ ئۆيىگە كەتتىمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس...".

ۋېلەم ئاكا يەنە بىرقانچە قېتىم ۋاقىراپ باقتى، بىراق ئاۋالقىدەكلا جاۋاپسىز قالدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، يامغۇر بارغانسېرى ئېتىلمەكتە ئىدى. ۋېلەم ئاكا ئاتتىن چۈشتى. سۇ ئېقىۋاتقان يەرنى قول بىلەن توسماقچى بولدى. بىراق بىردىنلا يالتايدى. چۈنكى ئۇنىڭ زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. يۇمشاق توپا بىلەن تۇرغۇزۇلغان بۇ قىرنى ئاستىدىن يامغۇر بوشىتىپ، ئۈزلىرى بىلەن بىللىلا ئېقىتىپ ئېلىپ كېتىپ باراتتى.

ۋېلەم ئاكا ئېتىغا مىندى-دە، ئېرىق ياقىلاپلا ئۆيىگە قاراپ چاپتى. يامغۇر قېرىشقاندەك ئۇنىڭ باش-كۆزىگە خۇددى قامچىنىڭ داسوزىسىدەك تارسىلداپ تەگمەكتە ئىدى.

* * *

زىۋەرەم ھەدە كىچىك ئوغلى ئادىلنى ئاران ئۇخلاتتى، ئەمما 6 ياشلىق قىزى پاتەم زادىلا ئۇخلىمىدى، ئۇ ئورنىدا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىپ ئۇخلىماقتا يوق، ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېلىپ [illegible] سىرتقا قارىماقتا ئىدى. گۈكىرىگەن شامال، شاقىرىغان يامغۇر ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردىمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ، ئۇيقۇ ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىدى.

— ئاپا، دادام يامغۇردا قانداق كېلىدۇ؟ — ئانىسىدىن سورىدى پاتەم.

— ياق كەلمەيدۇ قىزىم، دادىڭىز يېزىدا، چوڭ دادىڭىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتە كېلىدۇ. جۈرۈڭ، ئۇخلاڭ، مەنمۇ ئۇخلاي-مەن، — زىۋەرەم يولدىشىنىڭ كېلىشىنى بىلسىمۇ، قىزى پاتەمنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئەتەي يالغان سۆزلىدى.

— ياق، ياق، كېلىدۇ، كېلىدۇ، — قىز غولىنى چايقىدى، — دادام يامغۇردىن قورقمايدۇ.

زىۋەرەم ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ قىزىنى ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. بىراق قىز ئۆز ئورنىدا ياتماي دادىسىغا سېلىپ قويغان ئورۇندا ئېغىناپ-يۇمىلاپ، دادىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئويغاق ياتاتتى. قىز دادىسىغا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىكى، دادىسىنى بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. كېچىسى يېنىدا ياتمىسا ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيتتى. بالىجان ۋېلەم ئاكىمۇ قىزىغا شۇنچىلىك كۆيەتتى. چۈنكى بىرقانچە بالىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا مۇشۇ قىزى تۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز چوڭ بولسىمۇ، ئائىلى-نىڭ ئەركىسى، نازلىغى ۋە ۋېلەم ئاكىنىڭ جان جىگىرى

ئىدى.

ۋېلەم ئاكا قوراغا كىرىپلا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئاتنى ئېغىلنىڭ غورۇسىغىلا باغلىدى ۋە خوشنا ئۆيلەرگە قاراپ قويدى، ھەممىنىڭ چىرىغى ئۆچكەنلىكتىن ئۆز ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى سىرتتىكى شاۋ-شۇۋ بىلەن زىۋەرەم ھەدە ئاڭلىمىغان ئىدى. بىردىنلا ئىشىك قېقىلدى ۋە تونۇش يوتەل ئاۋازى چىقتى.

—ۋيەي-كەلدى، كەلدى،—زىۋەرەم ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشىكنى ئاچتى.

—دادا!،—پاتەم يۈگۈرگىنىچە سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە كەلدى-دە، دادىسىغا ئىككى قولىنى سۇندى، بىراق ۋېلەم ئاكا قىزىنى قولىغا ئالمىدى، ئۇنىڭ باش-كوزىدىن سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بېشىدىكى دىخان مالخىيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى سىلكىپ-سىلكىۋەتتى ۋە ئېگىشىپ تۇرۇپ قىزىنىڭ پېشانىسىدىنلا بىرقانچىنى سويدى.

—يېتىڭ قىزىم، يېتىڭ، مانا مەن ھازىر ياتىمەن.

ئۇ يولدىشىغا قاراپ:

—ھېلىقى چوڭ تاغار نەدە؟ ئېلىپ بەرگىنە،—دىدى ۋە ئۆزى نىمىندۇ ئىزلەپ دالان ئۆيگە ماڭدى.

—ھە، يەنە نىمە ئىش؟ —زىۋەرەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ سورىدى.

—ئېتىزغا بارىمەن، سۇ تۇتۇۋاتقانلار يوق، سىز يولىغا ئېقى-



ۋاتىدۇ.

—ھە؟ ئۇلار نەگە كېتىپتۇ؟ ھوي، بىرتامچە سۇ دىگەن...

—كىم بىلىدۇ، باش تەرەپتە بىرەر كاشىلا بولدىمۇ، بىلمەيمەن. ئۇستىگىمىز يېڭى، بىلىپ بولمايدۇ،—ئۇ يولدىشىنىڭ سوزىنى بولدى.

—ھوي، ئۇ سۇ چىقىپ كەتكەن ئېتىزلىقتا ئابدۇللام بىلەن سىدىقجان كەتكەن ئىدىغۇ؟!

—كىم بىلىدۇ، بۈگۈن كېچە سۇ ئۇلۇغ. 200 مو يەرنى سۇغۇرۇۋالىمىز دەپ كېتىشكەن، مانا تازا تۇتۇپتۇ.

زىۋەرەم تىگىرقاپ ئەندىشە بىلەن تۇرۇپ قالدى. قىزى بولسا تېخىچىلا ئانىسىنىڭ يېنىدا دادىسىنىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى.

—ئۇخلاڭ، ئۇخلاڭ قىزىم، مەن ھازىر كېلىمەن،—ئۇ قىزىنى يەنە سويدى-دە، ئايالى ئېلىپ بەرگەن تاغارنى، دالاندىكى كەتمىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

قوراغا چىقىپ خوشنا ئۆيلەرگە قارىدى. بىرەرسىنى ھەمرا قىلماقچى، كىمنىدۇ ئويغاتماقچى بولدى، بىراق تۇرۇپلا يالتايدى. "ياق-ياق، ئۇ كېسەل، ئاۋارە قىلىپ نىمە قىلاي، بولدى. ئەتىگەنلىككە مەلۇم بولار، تاڭغا ئاز قالدىغۇ". ئۇ تاغارنى بېشىغا كىيدى، كەتمەننى قولىغا ئالدى. قورانىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە يېنىپ قارىغىنىدا ئۆيىدە لامپا، دەرىزىدە قىزى ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغاندەك

www.uyghurkitap.com

سېزىلدى. ئۇ كوچىغا چىقىپلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئېتىزغا قارىتىپ قويۇۋەتتى.

ئات تۇيىغىنىڭ ئاۋازى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر ساداسى بىلەن ھىچقانداق ئاڭلانماي قالدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا سىڭىپ كەتكەندەك بولدى.

* * *

ۋېلەم ئاكا ئېتىنى ئېرىق ياقىسىدىكى پاكار، ياش قارا ياغاچقا باغلىدى. "سۇ كېچىشتىن قورقمايمەنۇ، بېشىمغا تاغار ئارتىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى" دەپ ئويلىدى-دە، بېشىدىن تاغارنى ئېلىپ ئىگەرنىڭ قېشىغا ئارتىپ قويدى. "ئاۋال سۇنى تۆۋەندىكى ئېتىزغا باشلىۋېتەي، ئاندىن كېيىن يولغا چىققان سۇنى ئېتىۋالارمەن".

سۇنى تۆۋەندىكى شاخقا (ئېتىزغا) باشلاش تەس چۈشمىدى. توغانلار بۇرۇن سېلىنىپ تەييار بولغانلىقتىن، باش توغاندا يىغىلىپ كۆپىيىپ تۇرغان سۇنى باشلىۋەتتى. سۇ گۈكىرىگەن بويى تۆۋەندىكى شاخنىڭ بىرىنچى ئېچىنىدىن بۇغدايلىققا كىرىشكە باشلىدى. "ئەمدى يولغا چىقىۋاتقان سۇنى دەررۇ توسۇۋېلىش كېرەك". ئۇ ئېتىغا بىر قاراپ قويدى ۋە خاتىرجەم بولدى. كەتمىنىنى كوتىرىپ ئېرىق قىرى بىلەن تۆۋەنگە ماڭدى. ئېتىزنىڭ ئاخىرىغا—يولغا يېقىنلاپ كەلگەندە، قانداقتۇ بىر قارا گەۋدە كۆرۈندى.

—ئابدۇللام، ھەي ئابدۇللام!—ئۇ نېرىدىنلا كەينى-كەي-



ىدىن قاتتىق ھاياجان بىلەن ۋاقىرىدى.

—ھە، سىز ۋېلەم ئاكىمۇ؟—دىگەن تونۇش ئۈن چىقتى.

ۋېلەم ئاكا يېقىنلىشىپ كەلدى.

—ھوي شۈجى، سىزمۇ؟ كىم سىزنى بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە بۇ يەرگە كېلىشكە ئۈندىدى. ۋاي بەللى، بولماپتۇ ئىنىم، قايىتىڭ، قايىتىڭ، ئاۋال ساقىيىڭ، تەنىڭىز سالامەتلىكى ھەممىدىن ئەۋزەل......

ۋېلەم ئاكا ئاغرىپ قېلىپ مەجلىسكىمۇ بارالماي قالغان ھاكىم شۈجىغا خېلى ۋايىساۋالدى. ئۇنىڭ بايىلا ئۆيدىن چىقىشىدا خوشنا ئۆيلەرگە قارىغىنى، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قوياي دىگىنى، بىراق تۇرۇپلا پىكرىدىن يالتايغىنىنىڭ سەۋىۋى مۇشۇ ئىدى. مانا ھازىر ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن كېلىپ سۇ كېچىۋېتىپتۇ.

شۈجى بولسا، "ھەممە مەجلىسكە كەتتى، سۇ تۇتۇۋاتقانلار ياش، تەجرىبىسىز، ئۇلارنىڭ يېزىغا چۈشكەندىن بېرى بىرىنچى قېتىم سۇ تۇتۇشى، بىزنىڭ ئابدۇللام بولسا يالغۇزلۇق قىلار، يېتىشمەس" دەپ ئويلاپ، يامغۇرنىڭ قاتتىق يېغىۋاتقانلىقىغا، ئاغرىغىنىنىڭ تېخى ياخشى بولمىغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ چاققان-ئەپچىل كەتمىنىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

شۈجى ۋېلەم ئاكىنىڭ ئاپتوماتىنىڭ ئوقىدەك كەينى-كەينىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سوزىنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە:

—ۋېلەم ئاكا، مەجلىستىن قاچان كەلدىڭلار؟—دىدى خاتىرجەم ھالدا خۇددى ھىچنىمە سەزمىگەندەك بولۇپ.

ـــ ئىنىم، ـــ دېدى ۋېلەم ئاكا يەنە سوز باشلاپ، ـــ بىز سىزنى دەم ئالسۇن، تېزرەك ساقايسۇن دەيمىز، سىز بولسىڭىز بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە سۇ كېچىڭ!

ـــ خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، سىز كېچىدە نىمە قىلىپ يۈرىسىز، مەنمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟

ـــ ئۇغۇ شۇنداق، بىراق مەن ساق، سىز...

ـــ ھە، سىز مېنى ئاغرىق دېمەكچىمۇ؟

ـــ ئەلۋەتتە.

شۇجى يەنە كۈلدى ۋە:

ـــ مەن ھازىر ئاغرىقتىن خالى بولدۇم ئاكا! ئەگەر ئاغرىپ تۇرغان بولسام كەلمەيتتىم. خەير، كەپتىمەن. بوپتۇ ئاكا. سۇ تۇتقانلارغا تېزرەك ياردەملىشەيلى.

ـــ مانا مەن ياردەملىشىمەن، ـــ ۋېلەم ئاكا مەيدىسىگە ئۇر-دى، ـــ مەن مۇشۇ ئېتىز باغرىدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئوستۇم، يالغۇز ئۆزەممۇ ھوددىسىدىن چىقالايمەن. سىز قايتىڭ!

شۇجى بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە شۇنچىلىك مېھرىۋانلىق قىلىۋات-قانلىقىغا چىن يۈرىگىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە كىيىۋالغان يامغۇر-لۇق چاپىنىنى يېشىپ ۋېلەم ئاكىنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ قويدى.

ـــ مەڭ، مۇنۇنى كىيىۋېلىڭ...

ـــ بۇ نىمە قىلغىنىڭىز ئۇكا، ماڭا سوغاق ئوتۇپ كەتمىسۇن دەپ قورقۇۋاتامسىز؟ ـــ ئۇ قاقاخلاپ كۈلدى ۋە، ـــ خاتىرجەم بولۇڭ، 40 كۈن سۇغا باغلاپ قويسىمۇ، تېخى خام كېسەكتەك



ئېزىلىپ كېتىدىغان ھالدا ئەمەسمەن، ـــ دېدى، ئۇ چاپاننى دەررۇ شۇجىغا كىيگۈزدى، ـــ سىزنىڭ ئاغرىغىنىڭىزنى ۋاڭ شۇجىمۇ سورىدى، ئوبدانراق دەم ئالسۇن، ئوبدان ساقايسۇن... دېگەن ئىدى. سىز تېخى... ـــ ۋېلەم ئاكا گۈگۈشى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شۇجىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

ھاكىم شۇجى بىرئاز تۇرۇپ قالدى ۋە:

ـــ ۋېلەم ئاكا، ـــ دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا، ـــ سىز بىلەن بىز كوممۇنىستقۇ، ئاخىر بۇ ئەھۋال مەن ئۈچۈن قانچىلىك قىيىن-چىلىق بولۇپ كېتەر، مېنىڭچە بۇنىڭ بىلەنلا ئاغرىقىم ئېغىرلىشىپ كەتمەس... دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، تومۇۋ بوپتىمەن خالاس. ھە، ھازىر بولسا ئۆزەمنى سەللىمازا ساق كىشى دەپ ھېساپ-لايمەن، ـــ ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سوزىنى داۋام قىلدى، ـــ قاراڭا، سۇ نىمە دېگەن زايا بولغان. بۇنىڭغا كىشىنىڭ ۋىجدانى قانداق چىداپ تۇرالايدۇ. يۈرۈڭ، ئەمدى باشقا بېرىپ باقايلى...

شۇجىنىڭ قەتئىيلىكىنى، قىلغان سوزىدىن، قىلغان ئىشىدىن يانمايدىغان خاراكتېرىنى ياخشى بىلگەن ۋېلەم ئاكا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، "خەير!..." دېدى ۋە يولغا چىقىۋاتقان سۇ توسۇلۇپ توختىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسى بىللە پاراڭ قىلغاچ ئۇستۇڭغا ماڭدى. ئەمدى يامغۇر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قاتتىق ئۇرۇلۇۋاتاتتى...

* * *

كۈنگە 100 مودىن 150 موغىچە يەر سۇغۇرۇش ۋەزىپىسىنى

كوتىرە ئالغان بىر بولۇم پاشلار هە دېگەندىلا ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ، شۇندىمۇ ئارتۇغى بىلەن ئورۇنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇنداق ۋەزىپىلەر بىلەن ياش دېخان يىگىتى ئابدۇللام ۋە يېزىغا چۈشكەن كادىر سىدىقجان سۇ تۇتماقچى بولۇپ كېلىشتى.

هاۋا تۇتۇق، شامالسىز، جىمجىت ئىدى. ئوت-چوپ ۋە باشقا مايسىلارنىڭ ئۇسكىلەك كوركەم تۇرقىغا زوقلانغاندەك، پاشا غىڭىلداپ ئۆز ناخشىسىنى ئېيتماقتا. ئابدۇللام بولسا مۇنداق پاشلار بىلەن خېلى ئۇزۇندىن تونۇش بولغانلىقىدىن كونۇپ قالغان. ئارىلاپ-ئارىلاپ يۈز-قوللىرىنى، بويۇنلىرىنى شاپىلاقلاپ قويىدۇ، خالاس. لېكىن سىدىقجان بىچارىنىڭ ئىككى قولى بىكار ئەمەس، هېلىدىن-هېلىغا پاشا قورۇپ، باش-كوزلىرىگە، پۇت-قوللىرىغا شاپىلاقلاپ تۇرىدۇ. مۇنداق قارىماققا ئۇنىڭ بۇ تۇرقى تولىمۇ قىزىق. بۇرۇتىنىڭ ئۇچى، پېشانىلىرى ۋە بويۇنلىرىدا ئۇششاق-ئۇششاق هۆررەكلەر پەيدا بولۇپ، تاتىلىغان، شاپىلاقلىغان يەرلىرى قىزىرىپ كەتكەن ۋە ئۆزى سۇ كېچىپ يۈرسىمۇ، نىمشقىدۇ تەرلەپ كەتكەن ئىدى.

مۇنداق بۇلۇتلۇق، جىمجىت، دىمىق كېچىدە، ئەلۋەتتە پاشلار "ئودىكام" ئوينايدۇ-دە!

—بىرئاز شامال چىقسىلا پاشىدىن قۇتۇلاتتۇق سىدىقجان، — دېدى ئۇنىڭ هالىغا ئىچىنغاندەك كەيپىياتتا ئابدۇللام. لېكىن سىدىقجان قىينىلىۋاتسىمۇ بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ:



— كېرەك يوق، ۋەزىپەڭنى ئورۇنلاشتا كاشىلا قىلىسىلا بولدى! — دېدى گەردىنىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

بۇلار شۇ تەرىقىدە سۇغۇرماقچى بولغان بىرمۇنچە يەرلىرىنى سۇغۇرۇپ، 7 مو كەلگۇدەك بىر ئېتىزنىڭ بىرىنچى ئېچىغىدىن سۇ باشلىدى. سۇ ئاپپاق كوۋۇكلەر چىقىرىپ، شوخ، تېتىك باللاردەك ئېتىز ئىچىگە قاراپ ئاقماقتا. ئىش قىزىپ كەتتى...

تەبەتمۇ قىزىق نەرسە. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاسانلا. مانا باياتىن جىمجىت تۇرغان بۇلۇتلۇق هاۋا بىردىنلا بۇزۇلدى. غەرپتىن تۇيۇقسىزلا شامال كەلدى. لېكىن ئۇ ئوت-چوپ، مايسىلارنىڭ باشلىرىنى بىر قۇر ئېگىلدۇرۇپلا قاتتىق دولقۇن ياساپ ئۆتۈپ كەتتى-دە، كوپ ئۆتمەي بىر خىل هالغا چۈشۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۆتۈشمۇ خۇددى هىرىپ قالغان "قىل يورغا"غا ئوخشايتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن يامغۇرنىڭ كېلىش ئېهتىمالىمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى بۇلۇت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، نەلەردىندۇ هاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلىدى.

بىر تال تاماكا چەككۈدەك ۋاقىت ئۆتكەندۇ، مانا يامغۇرمۇ ياققىلى تۇردى. شامال باشلىنىش بىلەنلا پاشىنىڭ "چاقچىغىدىن" قۇتۇلغان سىدىقجان سۇ تۇتۇشقا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ هازىر يامغۇرغىمۇ پىسەنت قىلماي ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشتا ئىدى. بىراق ئابدۇللام باشقىچە ئوي بىلەن بەنت. ئۇ يامغۇرنىڭ بەك ئۇتتىكلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ "ئۇستەڭنى سۇ ئېلىپ كەتمىگىي-

دى“ دېگەن خىيال بىلەن سۇغا قاراشنى سىدىقجانغا جېكىدى-دە، ئۆزى ئېرىق ياقىلاپ يۇقۇرىغا كەتتى.

بەل ياقىلىتىپ ئېلىنغان بۇ يېڭى ئۇستەڭ باش ئېتىزلارغا ئانچە يىراق بولمىغانلىقتىن، ئابدۇللام ئۆزى ئەنە شۇ ئەندىشە قىلغان بەزىبىر جايلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلدى. ئىش كوڭۇلدىكىدەك چىقتى. سىدىقجانمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلىمەكتە. ئۇ بەزى ئازگالراق جايلارغا يىغىلىپ قالغان سۇلارنى قىر تارتىپ يۇرۇپ دوڭرەك جايلارغا باشلىدى. سۇ ئانچە توختىمايدىغان جايلارنى بىر ئاز توسۇپ، ”قانغىچە ئىچ!“ دېگەندەك قىلدى.

ئابدۇللامنىڭ يامغۇرنىڭ شۇنچىلىك قاتتىق يېغىۋاتقىنىغا قارىماي مۇنچىلىك بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان، ئىشنى كوڭۇلدىكىدىنمۇ ياخشىراق قىلىۋاتقان بۇ يېڭى دىخانغا بولغان مۇھەببىتى، يولداشلىق مېھرى ئاشتى ۋە ”بىر تال تاماكا چېكىۋالايلى“ دەپ ئويلىدى-دە، ئۇنى باشلاپ ئېرىق بويىدىكى يالغۇز قارا ياغاچ تۈۋىگە كەلدى. ئۇلار يامغۇردىن پانا قىلىپ، ئاۋايلاپ تۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

—ئەگەر سۇ كېچىچىلا مۇشۇنداق ئاقىدىغان بولسا، ئەتە 200 مونى ھىساپلاۋېرىڭ سىدىقجان، —دېدى ئابدۇللام تاماكا چېكىۋېتىپ خوشال ھالدا، بۇنى ئاڭلاپ قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەن سىدىقجان:

—شۇنداق، ئابدۇللام، ھەركەتتە بەرىكەت، دەپتىكەن،



ھەركەت قىلساقلا، بۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، قاراڭ، سۇ بارغانسېرى ئۇلغايماقتا.

ئابدۇللام كۈلدى:

—سۇنىڭ ئۇلۇغلۇغىدىن مەن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئۇستەڭ يار ئېلىپ كەتمىگىيدى، دەيمەن. ”ھوشيار بولساڭ ئاپەت كورمەيسەن“ دېگەن گەپ بار! —دېدى ۋە ئەتراپى ئوت-چۆپ بىلەن قاپلانغان ئېرىققا ئېڭىشىپ قارىدى-دە، بىردىنلا:

—سىدىقجان، سۇ ئازلاپ كەتتى، بولمىدى، تۇرۇڭ-تۇرۇڭ، سەگەك بولايلى!...

قارا ياغاچقا يۆلىنىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان سىدىقجاننىڭ دەس تۇرۇپ تېخى چېكىپ تۈگەتمىگەن تاماكىسىنى ئىرغىتىپ تاشلىشىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ھاياجانلانغانلىغىنى، ”سۇ ئازلاپ كەتتى“ دېگەن سوزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىغىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

—نىمە ئىش ئابدۇللام؟

—ئۇستەڭ يار كەتكەن بولۇشى كېرەك، يۈرۈڭ، بۇ ئېتىز بولدى، ئەمدى سۇنى ئىككىنچى ئېتىزغا باشلاپ قويايلى، —دەپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە ھەش-پەش دېگىچىلا ئىشنى تۈگىتىپ، ئۇستەڭگە يۈگۈرەشتى!

ئىككى يىگىت كەتمەنلىرىنى كوتىرىشىپ يامغۇرغا قارشى داۋىل قەدەملەر بىلەن قاياققىدۇر چېپىپ كېتىشتى. يامغۇرنىڭ يېغىشى بىر خىل ئىتتىكلىكتە داۋاملىشىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

* * *

"قىزىل يۇلتۇز" خەلق گۇڭشېسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. ئۇلار پارتىيىنىڭ "بىر غېرىچ يەرنىمۇ ئاق قالدۇرماسلىق" دىگەن چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆتكەن يىلى خېلى كۆپ بوز يەرلەرنى ئاچقان بولسا، بۇ يىل يەنە شۇ يەرگە ئۇلاشتۇرۇپلا بىرقانچە يۈز مو بوز يەر ئاچتى. بوز يەرلەرنى ئېچىش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايتتى، ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئېچىلغان بوز يەرلەرنى كۆكەرتىكۈدەك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇڭشېدىن ئاجرىتىلغان بىر بۆلۈم كۈچ ئۆتكەن يىلىنىڭ قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدىلا تىيانشاننىڭ مەلۇم بىر غولىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇ مەنبەلىرىنى — بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە كىچىك - كىچىك كۆلچەك بولۇپ يىغىلىپ قالغان سۇلارنى يولغا سالدى. سۇنىڭ ئەگرى - توقاي ئېقىش يوللىرىنى تۈزلىدى ۋە يېپىلىپ ئۆزى بىلگەنچە ئاقىدىغان بەگۋاش سۇنى يىغىنچاق، رەسمىي ئۆستەڭگە باشلىدى. نەتىجىدە بۇ سۇ ئادەتتىكى بىر ئېرىق سۇ ئەمەس، رەسمىي بىر ئۆستەڭ بولۇپ، شوخ ۋە ئەركىن ئاقىدىغان بولدى.

ئابدۇللام بىلەن سىدىقجان ئاستىدىن ھەم سۇ، ھەم پاتقاققا مىلەنگەن، ئۈستىدىن يامغۇرغا چىلانغان ھالدا كەتمەنلىرىنى كۆتىرىشىپ ئېرىق ياقىلاپ يېتىپ كەلگەندە، ئاۋال ئاخشاملا ئېرىق گىرۋىكى بىلەن تەڭ ئېقىۋاتقان سۇ باشقا بىر يەرگە



قاراپ شاقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار "سۇنىڭ ئازلاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىكەن - دە؟" دىگەندەك بىر بىرىگە قاراشتى.

بىر ئۆستەڭ مەرۋايىتتەك تاغ سۈيىنىڭ شوخلۇق بىلەن يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە ئۇقتەك ئېتىلىپ چۈشۈشىنى توسۇۋېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاقىت ئۆتمەكتە، سۇ بولسا مەغرۇرلانغاندەك يامغۇرنىڭ شارىلدىشىغا ئاۋاز قوشۇپ گۈكۈرەپ، خۇددى تۈگمەننىڭ نورىدىن چۈشكەندەك شىددەت بىلەن چۈشمەكتە. ئابدۇللام ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن جىددى ئويلىنىپ قالدى. سىدىقجان بولسا ئۇنىڭدىن بەتتەر غەزەپلىنىپ تىترىمەكتە.

— سىدىقجان، — دىدى ئابدۇللام نەلەردىندۇر كۈچ - قۇۋۋەت تاپقاندەك، — بۈگۈن ئىككىمىز مانا شۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىمىز كېرەك! قاراڭ، سۇ نىمە دىگەن زايا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەندىشە قىلماڭ، يۈرۈڭ! كەتمەنلىرىمىزنىڭ تىغلىرى ئۆتكۈر، شاخ - شۇمبا كېسەيلى، ئۇنىڭسىز سۇنى توسۇۋېلىش تەس!

ئۇلار ئېرىقتىن تۆۋەنگە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان سۇنى تىزلىرىغىچە كېچىپ ئۇ چەتكە ئۆتتى - دە، قارا ياغاچ شاخلىرىنى كېسىشكە باشلىدى. كەتمەن ياغاچقا تەككەندە، ياغاچ شاخلىرىدىكى سۇ ھەر تەرەپكە چاچرايتتى. ئۇلار جان - دىلى بىلەن ئۇن - ئون بەش مىنۇت ئىچىدىلا بىرمۇنچە شاخ ۋە ئىگىز، غوللۇق ئۆسكەن كوكاتلارنى ئېرىق ياقىسىغا ئېلىپ چىقتى. بىرقانچە قوزۇق ياسالدى ۋە ئابدۇللام ئېرىغىپ سۇغا چۈشتى - دە، ئاۋاي-

لاپ كېلىپ، نەق سۇنىڭ پاتماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يېرىگە كېلىپ، بېلىگىچە سۇغا چوكۇپ تۇرۇپ:

— ئەكېلىڭ، قوزۇقنى ماڭا بېرىڭ! — دېدى-دە، سىدىقجان سۇنۇپ بەرگەن قوزۇقلارنى ئېلىپ قىرنىڭ بۇزۇلغان جايىغا پەملەپ تۇرۇپ سانجىدى ۋە:

— ئۇرۇڭ! — دېدى.

قوزۇقلار قېقىلىپ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا شاخ ۋە كوكاتلارنى باستى. ئابدۇللام ھە دەپ ئۇنى دەسسەپ چىڭداۋەردى.

— ھەسسىنەي، تاش بولغان بولسا خوپ بولاتتى-دە، بايا تاشنى ئېلىپ چىققان بولساق ياخشى بولغان ئىكەن. خەير، ئامال يوق. ئەكېلىڭ —. ئۇلار شۇ تەخلىتتە شاخ، كوكاتلارنى باسماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز توۋەندىن يوروق كورۇندى ۋە ئەگمدىن ئۇتۇپلا يېقىنلاشتى.

— ئابدۇللام!...

— ھە! ۋېلەم ئاكىمۇ؟

— ھەي ۋېلەم ئاكا، ۋېلەم ئاكا، — سىدىقجان خوش بولۇپ كەتتى. ئاتلىقلار ئاتلىرىدىن چۇشۇپ كەلگەندىلا، ئۇلار شۇجىنى كورۇپ قالدى.

— ھەي-ي، ھاكىم ئاكامغۇ؟ سىز...

— ھە.. مەن...

ۋاقت جىددى ئىدى، شۇڭا ھەممەيلەن گەپنى قويۇپلا ئىشقا



ئۇتۇش قىلدى. ۋېلەم ئاكا بىلەن سىدىقجان توۋەنگە تاشقا يۈگەردى، شۇجى شاخ ۋە كوكاتلارنى تاشلاپ، ئابدۇللام بولسا ئۇنى دەسسەپ يار ئېلىپ كەتكەن يەرنى توسماقتا ئىدى. يامغۇرمۇ ئۇلارنى ئالدىراتقاندەك تامچىلىماقتا ئىدى.

* * *

تاڭ يورۇدى. خۇددى تاڭنىڭ ئېتىشىغا قاراپ تۇرغاندەك يامغۇرمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سەل سۇمۇ بىردىنلا توختىدى. ھەتتا ئۇ يەر-بۇ يەردە لاغىلاپ يۇرگەن پارچە-پارچە بېزەك بۇلۇتلاردىن باشقا بۇلۇتمۇ كورۇنمەيتتى. ئاخشامدىن تاڭغىچە قاتتىق ياققان يامغۇرغا تويۇنغان كوك مايسىلار، ئوت-چوپلەر، ئېرىق ياقىلىرىدىكى ھەر خىل دەل-دەرەخلەر ۋە گىيالار خۇددى مەغرۇرلانغاندەك قەددىنى كوتىرىپ، ئوزلىرىنى رۇسلاپ كىشىنىڭ كوزىگە بىر چىرايلىق ۋە ئىللىق كورۇنەتتى. ئۇلاردىكى ئۇنچىدەك شەبنەم دانچىلىرى بولسا ئوسۇملۇكنىڭ ھوسنى تەرىقىسىدە كوزنى قاماشتۇرۇپ چاقنايتتى. يامغۇردىن كېيىنكى ئېتىز ھاۋاسى كىشىنىڭ دىلىغا ھوزۇر، تېنىگە راھەت بېغىشلايتتى. كىشىنىڭ كېرىلىپ، سوزۇلۇپ، چوڭقۇر-چوڭقۇر نەپەس ئالغۇسى، يېشىللىققا يومۇلاپ گىيالارنى باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى.

— ئاھ، نىمە دىگەن گۇزەل مەنزىرە! نىمە دىگەن ساپ ھاۋا! — سىدىقجان خۇددى نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئىشلەۋاتقان ئېتىزلىقىنى گويا بۇگۇنلا كورۇپ، ئۇنىڭ چەكسىز گۇزەللىكىنى

بۇگۈن سەزگەندەكلا ئەتراپقا كوز يۈگۈرتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئېتىزلىقنىڭ ھازىرقى مەنزىرىسىدىن شائىرلار پۈتمەس-تۈگىمەس داستانلار يارىتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەنە قاراڭ، ئابدۇللام بىلەن سىدىقجان چەت ئېرىق (يېڭى ئېرىق) تىن سۇ باشلىغان بولسا، ئوتتۇرا ئېرىقتىن (بۇرۇنقى كونا ئېرىقتىن) خۇددى بۇلار بىلەن تەڭ سۇ باشلىغان خوشنا گۇرۇپپىنىڭ پالۋانلىرىمۇ كېچىچە ياققان يامغۇرغا بەرداشلىق بېرىپ سۇ تۇتتى. ھازىرمۇ گويا ئاپپاق ئاققۇلاردەك، ھول كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا قۇرۇق ئاق كوينەكلىرىنى كىيىپ، چەكسىز يېشىللىق ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ، سىدىقجانلار سۇ تۇتقان ئېتىزلىق بېشىدا بولسا كىچىككىنە كوچمە قىزىل بايراق ھەممىگە ئىلھام ۋە سىگنال بەرگەندەك تىنماي لەپىلدەپ، خۇددى ئەمدىلا تاغ چوققىلىرىنى يورۇتۇپ پارلاپ چىققان قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ۋېلەم ئاكىنىڭ ئېتىنى مىنىپ ئېتىزغا قايتىپ كەلگەن ئابدۇللام ۋېلەم ئاكا بىلەن شۇجىنىڭ سۇ باشلاپ قويغان ئېتىزىنى كوزدىن كەچۈردى، ئۇنىڭدىكى "سۇ زايا كېتىدىغان بولدى" دېگەن ئەندىشە تۈگىدى ۋە دەررۇلا باشقا ئېتىزغا مېڭىپ كەتتى. بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ دىگۇدەك ئاشقان سۇلار خېلىلا چوڭ-چوڭ شاخلارنى ھەش-پەش دىگۇچىلا سۇغا قاندۇردى، ئابدۇللامۇ بوش كەلمىدى، توغانلار ئالدىن سېلىنغانلىقتىن، ئۇ ئۇزىنى توختىتىپ ئالدىرىماي، مايسىلارنى سۇغا قاندۇرۇپ



بوتكەۋەردى. بەزىبىر ئىشەنچسىز جايلارنى تۈزەپ ئېتىزغا يېتىپ كەلگەندە، سۇ ناھايىتى كەڭ يەرگە يېيىلغان ئىدى.

بۇنى كورگەن سىدىقجان:

— قاراڭ ۋېلەم ئاكا! ئابدۇللام نەلەردە يۈرىدۇ؟ — دىدى.

ئۇنىڭ بۇ سوزىدىن بۈگۈنكى ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلانغانلىقى بەلكى ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىقى سېزىلەتتى. چۈنكى ئابدۇللام ئاۋالقى مولچەرلىگەن يەرنىڭ خېلى ئاخىرىدا سۇ تۇتۇۋاتاتتى.

شۇجىنىڭ نەزىرىدە خۇددى بۇ ياشلارنىڭ ئاتىسى، ئاكىسى، ئۇلارنىڭ چىن دوستى ۋە ئۇستازىدەك پەخىرلىك كىشى بولغان ۋېلەم ئاكىنىڭ ھازىرقى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىمۇ بارلىغىنى خەلققە، ۋەتەنگە بېغىشلىغان كونا كوممۇنىستلارنى ئەسلىتەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار شۇجىنىڭ ھەمىشە ئۇنى "دۈيىمىزنىڭ پەخىرلىك كىشىسى" دىگىنىنى ئېسىگە ئېلىشاتتى. كۈن ئەمدى نۇرىنى ھەممە يەرگە تەكشى چاچماقتا ئىدى.

1961 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرى

ئۆمۈر دېگەن ئېقىن سۇغا ئوخشاش شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ئۆمۈر ئېقىنىنى بوشقا ئۆتكۈزمەيدۇ، مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلىرى بولسا مەنىسىز ئۆتكۈزىدۇ. كۈنلەردىن ئاي پۈتسە، ئايلاردىن يىل پۈتىدۇ. يىللار بولسا سېخى، مانا، مەريەمگە كۆمۈشتەك ئاق چاچلار، يارىشىملىق، بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇقلار تەقدىم قىلدى.

مەريەم — دېخاننىڭ قىزى. ئۇ شۇ ئائىلىدە تۇنجى قېتىم ساۋاتلىق بولغان. ئوقۇشقا تەشنا بۇ ئائىلە مەريەمنى ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدىلا، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قېلىشىغا قارىماي مەكتەپكە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەريەم ئاساسىي بىلىمنى ئازاتلىقتىن كېيىن، قىزىل بايراق ئالدىدا ئالدى. ئۇ 10-سىنىپنى ئەلا پۈتتۈرۈپلا ئانا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. بۇ پىشقەدەم ئىتتىپاق ئەزاسى تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆگىنىش نەتىجىسىدە شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى.

مەريەمنىڭ يېشى 40 قا يەتمىگەن بولسىمۇ، ھازىرقى تۇرقى-



دىن ئۈنىڭغا ئوشۇقراق ياش بېرىش مۇمكىن ئىدى. ئوتتۇرا بوي، توغرىلىقراق بەستىگە، بۇغداي ئۆڭگە، قارا قېشىغا، يوغان ۋە نۇر چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزىگە ئىككى چېكىسىدىكى ئاق لەيلىدەك چاچلىرى، قان تېپىپ تۇرغان چىرايىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس يارىشىملىق زىناق ۋە قورۇقلىرى يارىشىپ تۇراتتى، بىرقانچە بالىنىڭ ئانىسى، نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازى بولغان بۇ كوممۇنىست ئوقۇتقۇچى قانداقتۇ تەبىئەت بىر ھوسۇن ۋە ئېغىر-بېسىقلىق تەقدىم قىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

مەريەم خۇددى چۆلدە سۇغا تەشنا بولغان كىشىدەك بىلىمگە تەشنا ئىدى. ھازىرچە ئىگىلىگەن بىلىمگە زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمايتتى. — خەپ، — دەيتتى ئۇ، — مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشۇم ئوقۇشقا نىمە كاشىلا بولاتتىكىنە، ھېچ بولمىسا، بىلىم ئاشۇرۇشقىمۇ بولاتتىغۇ!... ئۇ كىملەرگىدۇ غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلۈگىدىن پەنگە يۈرۈش قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە ئۆزى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان مۇنۇ سۆزنى ئويلىدى. "پەندە تۈز يول يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېرىش، تېلىشتىن قورقماي، پەننىڭ مۇشەققەتلىك ئەگرى-توقاي يوللىرىدىن تىرىشىپ تىرمىشىپ بارالايدىغان كىشىلەرلا ئۇنىڭ پارلاق چوققىلىرىغا چىقالايدۇ."

ئۇ پىشقەدەم ئۇستازلاردىن تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، كىتاپلارغا مۇراجەت قىلدى، تىنىماي مەشىق قىلىپ كېچە-

كېچىلەپ ئولتۇردى. ئۇ خۇددى بىلىم چىمەنزارلىقىغا شۇڭغۇپ كىرىپ ھەر بىر يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلغاندىلا، شۇ چىمەنزاردىن بىر گۈل ئېچىلغاندەك ھىس قىلدى.

— سوتسىيالىزىم پەن-تېخنىكىغا مۇھتاج، دۆلىتىمىزگە ھازىر ئىختىساسلىق ياشلار كېرەك، — دەيتتى ئۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان ئۆزئارا سۆھبەتلىرىدە. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ تەمىنى تېتىغان ئوقۇغۇچىلار ھاياجانلىنىپ كېتەتتى.

— مەن جەزمەن ئوقۇيمەن، — دېدى زەينەپ پاراك ئارىسىدا ھاياجانلىنىپ.

— ئوقۇڭ سىڭلىم، ھەممىڭلار تىرىشىپ ئوقۇڭلار، سىلەر بەختلىك ياشلار، پارتىيە سىلەرگە ئىلىم-پەننىڭ ئىشىكىنى قايتىدىن كەڭ ئېچىپ بەردى. ئوقۇڭلار! مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى جىددىي قىلىپ مەريەم.

— ھەممە ساۋاقداشلار بىر كەتسەك ئاجايىپ بولاتتى-دە، بىراق، ئىمتىھان، ئۇنىڭ ئۈستىگە،... — زەينەپ دىلبەرگە مەيۈس قارىدى. بۇ ۋاقىتتا دىلبەر بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن ئىدى.

— دىلبەر جەزمەن ئوقۇيدۇ، — دېدى ھېچنىمىدىن خەۋىرى بولمىغان ئوقۇتقۇچى. دىلبەر بولسا مىيىغىدا كۈلگەندەك بولدى-دە، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ھەممىنى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە گەپ، — دېدى ئوقۇتقۇچى، — دىلبەرگە نېمە بولدى؟

قىزلار ئۆزئارا پىچىرلاشتى، بەزىلىرى پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى.

— دىلبەرنىڭ مىجەزى يوقمۇ، قانداق؟ — ئوقۇتقۇچى تېخىچىلا ھەيران ئىدى.

— سالامەتلىكىدە گەپ يوق، گەپ باشقا يەردە، — زەينەپ قىزلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە چىرايى قىزىرىشقا باشلىدى. بەزى قىزلار بولسا سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى. ئوقۇتقۇچى بولسا قىزلارغا دىلبەرنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ قاراپ بېقىشنى تاپشۇردى-دە، زەينەپنى يالغۇز ئېلىپ قالدى.

— ھە، نېمە گەپ؟

— ئانىسى، ئوقۇمايسەن، دەپتۇ، — دېدى زەينەپ ۋە ئەھۋالنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بەردى...

— ھە، شۇنداقمۇ تېخى!؟

* * *

ياز ئايلىرى، ھاۋا ئىسسىق. ئايشەم ھەدە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يولدىشىنى زاۋۇتقا، بالىلىرىنى مەكتەپكە ماڭغۇزۇپ، دەستۇرخاننى يىغدى، جوزىنى ئېلىپ باراڭغا يۆلەپ قويدى، ئاندىن باراڭ ئاستىغا سۇ سېپىپ، سەل-پەل سىڭىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئىشىك قېقىلدى.

— كىم؟ — دېدى ئاغزىدىكى چاي شامىسىنى چاينىغانچە ئىرىنچەكلىك بىلەن.

— مەن!

ئايشەم ھەدە ئىشكنى ئېچىپ، مەريەم ئوقۇتقۇچىنى كوردى.

— ۋىيەي، سىزمىدىڭىز، ۋاي ئولەي، ۋاي ئۇيات، قېنى ئويگە، — شۇ ئارىدا ئۇ ئاغزىدىكى شامىنى نەگىدۇ يوشۇرۇپ ئۇلگۇرگەن ئىدى.

— بىر چىرايلىق كېپىقاپسىز، ۋاي-ۋاي، ئىسسىقنىڭ بوپ كەتكىنىنى قاراڭا، قېنى ئوي سالقىن، ئويگىلا كىرىلى، — دىدى مەريەمنىڭ تەرلەپ كەتكىنىنى كورۇپ. مەريەممۇ شۇنداق خىلۋەت ئورۇننى كوزلىگەن ئىدى، شۇڭا ئويگىلا كىردى. تەييار سېلىق-لىق كورپىدە ئولتۇردى. ئۇلار تېچلىق- ئامانلىق سوراشتى.

— مەكتەپكە مېڭىشىم، يولۇقۇپ ئوتۇپ كېتەي دەپ كىرىۋىدىم. قاسىمجان ئاكام ئىشقا كەتتىمۇ؟ — دىدى تەرلىرىنى نىپىز ئاق ياغلىقى بىلەن سۇرتىۋېتىپ.

— ھە، يېڭىلا مېڭىشتى، — دىدى ئايشەم ھەدە ۋە سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئايشەم ھەدە، ئولتۇرسىلا، چاي-پاي قىلمەن دىمىسىلە، مەن ئالدىراش، يەنە بىرقانچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئويگە كىرمەكچىمەن، — دىدى ئايشەم ھەدىنىڭ چاي تەييارلىغىغا ماڭغانلىغىنى سېزىپ.

— ۋىيەي، نىمە دىگىنىڭىز. بىر پىيالە چاي قۇياي، ئۇسسۇلۇق بولۇپ قالار، چېيىم تەييار...

— رەھمەت، ئاۋارە بولمىسىلا، خوش، دىلبەرنىڭ ئەھۋالى



قانداق؟ شۇنى بىلەي دەپ كېلىۋىدىم، — دىدى ئوقۇتقۇچى ئاساسىي مەسىلىگە كوچۇپ.

— شۇكرى، يامان كوزدىن تاشقىرى، سالامەتلىكى يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ.

ئۇ خىيال سۇرۇپ قالدى ۋە:

— قىز بالا دىگەن سەل چوڭ بولۇپ قالسىلا ئاجايىپ بولۇپ قالىدىكەن، يېقىندىن بېرى سەل خۇيى چىقىپ قالدى، — دىدى ئوقۇتقۇچىغا تىكىلىپ قاراپ.

— دىلبەر تېخى چوڭ قىزلار قاتارىغا كىرمەيدىغۇ، تازا ئوقۇش يېشىدىكى قىز. ئۇ بەك تىرىشچان، چوقۇم داشۇيگە ئوقۇشقا بارسا بولىدۇ، — دىدى ئوقۇتقۇچى ئانىنىڭ يۇرىگىگە قول سېلىپ.

— ئوقۇسا خويىما ئوبدان بولاتتى، — دىدى ئانا، — بىراق،... — ئۇ سوزىنى يۇتتى.

— ھە، نىمە بىراق، ياكى دىلبەرنى ئۇزۇنتىۋېتەمدۇق؟

— بۇ ئويىمۇ يوق ئەمەس سىڭلىم، دۇنيادا كورگىنىم مۇشۇ دىلبەر، باشقىلىرى بولسا تېخى كىچىك.

— راست، راست، — دىدى مەريەم ئانىنى تېخىمۇ گەپكە سېلىپ.

— مەريەم، سىزدىن يوشۇرىدىغان ئىش يوق، مەنمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارماقچى ئىدىم، — ئانا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، — مېنىڭچىغۇ زادىلا يېنىمدىن ئايرىغۇم يوق، بىراق، دادىسى....

—قاسىمجان ئاكامۇ شۇنى ئويلامدۇ؟
—ھە، شۇ دادىسىنىڭ ئىشىدە، قىز بالا ئوقۇپ نەگە باردۇ، ۋاقتىدا تالالىق قىلغان ياخشى، دەيدۇ.
—ھە، ئىش مۇنداق دىسىلە! قاسىمجان ئاكامغا نىمە بولدى كىنە؟ —مەريەم قاسىمجان ئاكىنىڭ ئۇنداق دىمەيدىغانلىغىنى بىلىنمۇ، سادda ئانىنىڭ ھەممە ئىشنى شۇنىڭغا دوڭگەپ، مەريەمنى يولغا سالماقچى بولغانلىغىنى سەزدى.
—ئۇنداقتا توي يېقىن دىسىلە، —دىدى مەريەم ئۆزىنى كۆلكىدىن ئاران بېسىپ.
—مۇشۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرسىلا قىلارمىز دەپ تۇرىمىز.
مەريەم ئىشنىڭ ئىچكى جەھەتتە پىشىپ قالغانلىغىنى ھىس قىلدى ۋە بىچارە دىلبەرگە ئىچى ئاغرىپ، ئوقۇغۇچىسىنى ئويلاپ كەتتى.
دىلبەرنىڭ مەريەم ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا تەربىيە ئېلىشۋاتقىنىغا 5 يىل بولغان ئىدى. بۇ 5 يىل جەريانىدا مەريەم دىلبەرنىڭ ئۇستازىلا ئەمەس، مەنىۋى ئانىسى، ھەدىسى ۋە يېقىن قېرىندىشى بولۇپ قالغان ئىدى. دىلبەرمۇ مەريەمنىڭ يېقىن سىڭلىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يېقىندا 10-سىنىپنى پۈتتۈرىدۇ، ئۇ مەكتەپ بويىچە ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، "3 تە ياخشى" ئىنتىپاق ئەزاسى، سىنىپ باشلىغى ئىدى. ئۇ دەرسلەردە ئەلاچى، ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇسى ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئىدى. مانا مۇشۇ قىزنى، مۇشۇ



غۇنچىنى ئېچىلدۇرماستىنلا غازاڭ قىلماقچى. بۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇسى. راست، ئايشەم ھەدە ئوقۇمىغان، نادان، سادda ئايال، ئوقۇشنىڭ نىملىگىنى بىلمەيدۇ. بىراق، قاسىمجان ئاكىغا نىمە بولدى؟ ئۇ بىر پىشقەدەم ئىشچىغۇ، ھەممە ئەھۋالنى بىلىدىغۇ! شۇنداق بىر ئىلغار، تەلپۈنۈپ تۇرغان ياشنىڭ ئىستىقبالىنى بوغماقچىمۇ! ئۇ شۇلارنى ئويلىدى-دە، ئالدى بىلەن قاسىمجان ئاكا بىلەن سۆزلىشىشنى لايىق كوردى ۋە ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنى چىرمىۋالغان بۇ "ئارزۇلار" كۆرۈشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، چىقىپ كېتىشىدە ئايشەم ھەدىگە "خوش" دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالدى.

* * *

مەريەمنىڭ ئەس-يادى دىلبەردە ئىدى.
—ئىست، —دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، —دىلبەرنىڭ ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان ياشلىق گۈلىگە چاڭگال سالماقچى-ھە! دىلبەرنى جەزمەن ئەۋەتىمەن، ئاتا-ئانىسىغا ئاخىرغىچە خىزمەت ئىشلەيمەن، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بار، مائارىپ ئىدارىسى بار....
ئۇ شۇ خىياللار بىلەن، دائىم مېڭىپ يۈرگەن يېقىن يول — مەكتەپنىڭ ئارقا ئىشىگىدىن ئەمەس، خېلى ئايلىنىپ ئالدى دەرۋازىسىدىن كىردى.
—نىمە بولدىڭىز مەريەم، —دىدى ئىشخانىدىكى بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ تەرلەپ-پىشىپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ، —قىزىرىپ پوكاندەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟



www.uyghurkitap.com

— كۈن ئىسسىق، — دېدى مەريەم ئىمىگە پەرىشان ئىكەلىگىنى بىلىندۈرمىگەن هالدا. ئۇ ئۆز ئۈستىلىگە كەلدى-دە، كىتاپلىرىنى تاتمىغا سېلىپ، يەنە مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ۋىيەي — قۇلۇپنى، — دېدى بىر ياش ئوقۇتقۇچى قىز مەريەمنىڭ هەركىتىگە قاراپ.

— مەڭ، سىز سېلىۋېتىڭ سىڭلىم، — دېدى مەريەم ۋە قولىدىكى قۇلۇپنى ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى-دە، خۇددى يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى. بولۇمدىكىلەر هېچنىمىنى چۈشەنمەستىن بىر بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

مەريەم هىلىدىن-هىلىغا سائىتىگە قارىدى، 5-سائەتلىك دەرستىن چۈشۈشكە تېخى 5 مىنۇت بار ئىدى. مەريەم تەقەززا بولدى. مانا ئىزۋانوكمۇ چېلىندى. مەريەم ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپتىن چىقىشىنى كۈتمەستىنلا ئۆزىنى سىنىپقا ئاتتى.

— دىلبەر، — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

دىلبەر ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ ئىتتىك كەلدى ۋە:

— ئوقۇتقۇچى، دادام سىزنى خېلىدىن بېرى كۈتۈپ تۇردۇ، — دېدى.

— قېنى؟ نەدە؟ — دېدى مەريەم خوشاللىغىدىن قىن-قىنىغا پاتماي، — مەن هازىر دادىڭىزنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدىم، بۇ تازىمۇ ياخشى بولدى، جۇرۇڭ!

ئۇلار مەكتەپ قوراسىغا چىقىپ، توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇ-



چىلار هەركىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان قاسىمجان ئاكىنى كوردى.

— دادا، — دېدى دىلبەر دادىسىنىڭ يېنىغا مەريەمدىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ.

— قاسىمجان ئاكا، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا تازا ئاچچىغىم بىلەن مېڭىۋىدىم، ياخشى ئۆزىڭىز كېلىپ قاپسىز، — دېدى مەريەم كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— ئاچچىغىڭىز كەلگۈدەك ئەيىۋىم بولسا، قولۇم كوكسۇمدە تۇرۇپ، — دېدى قاسىمجان ئاكىمۇ كۈلۈمسىرەپ جاۋابەن ۋە ئاخىردا تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى.

— ئەيىۋىڭىز بەك ئېغىر، — دېدى ئوقۇتقۇچى قاسىمجان ئاكىغا ۋە ئاندىن دىلبەرگە قاراپ، — دىلبەر، سىز مۇزاكىرىگە كىرىۋېرىڭ، — دېدى.

ئوقۇتقۇچى قاسىمجان ئاكىنى مەكتەپ باغچىسىنىڭ ئورۇندۇغىغا باشلاپ كەلدى.

— ئىشلار ئىلگىرى بولسۇن، قاسىمجان ئاكا! ئۆيىڭىزگە بارمىغان بولسام، تاسلا تويدىن كېيىن قالىدىكەنمەن، — دېدى مەريەم جىددى هالدا.

— هە، هەدىڭىز نېمە دەيدۇ؟ — قاسىمجان ئاكا ئۇڭايسىزلىنىپ، سوئال نەزىرى بىلەن مەريەمگە قارىدى.

— نېمە دەيدۇ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ سەن تاز دېگىچە، مەن بەز دەۋالاي، دەپ، هەممە ئىشنى ئۆزلىرى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە

www.uyghurkitap.com

ھەدىمىزدىن سورايمىزمۇ؟

— نىمە دەيسىز؟ — دىدى خىيال بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قاسىمجان ئاكا بېشىنى كۆتىرىپ، — مەن نىمە قىپ-تىمەن، نىمىنى بىلىمەن؟ مەن قىزىمىنىڭ تەقدىرىنى پارتىيىگە، سىز ئۇستازلارغا تاپشۇرغان مەن، ھىلىمۇ گېپىم گەپ، ئۇكام، مانا مېنىڭ بىلىدىغىنىم!

قاسىمجان ئاكا تاماكا يوگەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىشقا باشلىغان ئىدى.

— ھەدەم ھەممە گەپنى سىزگە ئارتىپ يىغلايدىغۇ؟

— نىمە! تېخى، مۇنداق دەڭ! ... — ئۇ تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق شوراۋېتىپ گەپ باشلىدى.

— ئەھۋالنى تولۇقراق ئۇقتۇرۇپ قويامي، دەپ كېلىۋىدىم، راست، قىزىمىزنىڭ چوڭى مۇشۇ، يامان ئەمەس ئوقۇۋاتىدۇ، يېشى بولسا ئەمدىلا 18 گە تولدى. مۇشۇ يېرىم يىلدىن بېرى ئائىلىمىزدە مۇشۇ گەپ چىقتى. مەن، ھە، دەپ يۈرۈۋەردىم، شۇ ئارىدا ئانىسى دىلبەرگىمۇ ئوقۇماسلىق ھەققىدە بىر نىمە دىگەن ئوخشايدۇ، قىز بۇ ئەھۋالنى ماڭا دىيەلمەيدۇ، مۇشۇ يېقىندا قۇداۋ قىلىش باشلانغاندا، بۇ گەپ خېلىلا ئەۋج ئالدى. ئانىسى ماڭىمۇ ئوچۇق ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېرى-بېرى گەپ سۆزلەرمۇ بولدى. مەن، دىلبەر داۋاملىق ئوقۇسۇن، كونا جەمىيەتتە سەن بىلەن مەن ئوقۇيال-مىغان، شۇڭا، ھازىر ئېلىپنى تاياق دەيمىز، ھازىر بولار يەت-



كەن يېرىگىچە ئوقۇسۇن، بۈگۈن پارتىيە شۇنداق ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتسا، بىز ئۇلارنى توسساق توغرا كەل-مەيدۇ، دەپ تەربىيە بەردىم. سىڭلىم، مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ ئوقۇتۇش، دىلبەرگە ياردىمىڭىز بولسا قىلىڭ، ئايىماڭ! مەن خوش بولاي...

مەريەم قاسىمجان ئاكىنىڭ بۇ ھاياجانلىق سۆزلىرىدىن تەسىرلەندى ۋە خوشال بولدى.

— ئايشەم ھەدەم زادىلا ئۇنداق دىمەيدىغۇ؟

— ماڭا ئىشىنىڭ، مەن كوممۇنىست ئىشچىمەن، مەملىكىتە-مىز بىلىملىك ياشلارغا مۇھتاج، سىڭلىم، بۇنى سىز ياخشى چۈشىنىسىز.

— ئەمىسە ئىككىمىز كېلىشتۇق قاسىمجان ئاكا، دىلبەر ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا مانا مەن كېپىل، چۈنكى ئۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى، — ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئايشەم ھەدىنى قانداق قىلىمىز، ئۇ ئانا ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى. قاسىمجان ئاكا نەلەرگىدۇ قاراپ چوڭقۇر ھاياجان ۋە خىيال بىلەن ئولتۇراتتى، ئاخىرى ئۇ:

— دىلبەرنىڭ ئانىسى ساددە ئايال، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆز مەيلى ئەمەس، قانداقتۇ بىر كىشىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى. ئەگەر سىز ئېرىنمىسىڭىز بىر ئاخشىمى مەن ئۆيدە ۋاقتىدا بېرىڭ، ئىككىمىز تەربىيە بېرەيلى.

— ناھايىتى ياخشى! پۈتۈم بىلەن ئەمەس، بېشىم بىلەن

مېڭىپ بولسىمۇ بارىمەن، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم!

* * *

ئارىدىن 4 ئاي ئۆتتى. مەريەم ئۆز ئىشخانىسىدا بىر پارچە خەتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، خەتنى ئوقۇغانسېرى خەت ئىچىگە ئۆزى كىرىپ كېتىۋاتقاندەك زور قىزىقىش ۋە زوقلىنىش پەيدا بولاتتى، چىرايىدا كۈلكە، تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى.

بۇ خەت ئوقۇغۇچىسى دىلبەردىن تۇنجى قېتىم كەلگەن خەت بولۇپ، خەت مۇنداق باشلانغان ئىدى:

”ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىم مەريەم ھەدە، سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق بارلىق ئۇستازلارغا، ساۋاقداشلىرىمغا ئىنقىلاۋىي سالام!

مەريەم ھەدە، ئالدى بىلەن سىزگە بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزەي: مەن داشۆيىنىڭ بىو-خىمىيە پاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىندىم.“

مەريەم خەتنى ئوقۇپ شۇ جايغا كەلگەندە ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە خۇشاللىقىدىن 2 تامچە ياش ئالمىدەك قىپ-قىزىل مەڭزىگە تېمىپ چۈشتى. ئۇ خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

”جەمىيەت دىگەن شۇنداق ئىكەن، مەن ئۆز ھاياتىمدىمۇ بىرىنچى قېتىم تۇرمۇشتىكى زىددىيەت، كۈرەشكە دۇچ كەلدىم. بىراق مەن يەڭدىم. مېنىڭ يېڭىشىمدىكى كاپالىتىم مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بولدى، سىز بولدىڭىز. ئوھ، يۈرىكىم، مۇشۇ جەريانىنى ئويلىسام، مېنى ھاياجان يۈكى باسىدۇ، بىچارە ئاقكۆڭۈل، ساددا ئانامغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، نىمە قىلىشنى بىلمەي، ھەممە ئەيىپنى دادامغا ئارتقانلىقىنى، سىزگە يالغان



سۆزلىگەنلىكىدىن قاتتىق خىجىل بولغانلىقىنى كېيىن ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. سىزمۇ ماڭا دىمىدىڭىز، ھەم دىمەيتتىڭىز، بىراق سىز 2-قېتىم بېرىپ، دادام، ئاپام بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، مەن دالان ئۆينىڭ ئىشىك ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىدىم. چۈنكى مېنىڭ تەقدىرىم ئۈستىدە گەپ بولىۋاتىدۇ-دە. سىز غەلبە بىلەن قايتقىنىڭىزدا مەن سىزنى قۇچاقلاپ كەتتىمغۇ، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ مىننەتدارلىقىم شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. ھازىرقى بەختىمنى، خۇشاللىقىمنى ئويلىسام، پارتىيىگە، سىز ئۇستازلارغا نىمە دەپ تەشەككۇر ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن!

سىز ھەمىشە: ’پەندە تۈز يول يوق، تىرىشقان، تىرماشقان ئادەملەرلا ئۇنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ‘، ’ھازىر مەملىكىتىمىز ئىختىساسلىق ياشلارغا مۇھتاج‘ دەيتتىڭىز. بۇ شانلىق سۆزلەر ھىلىمۇ مېنىڭ قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

قەدىردان ھەدە، ئوقۇغۇچىڭىز ۋە سىڭلىڭىز دىلبەرگە ئىشىنىڭ، مەن پارتىيىنىڭ، سىز ئۇستازلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن.“

1976-يىل 2-ئاي، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەت

ئۇقۇتقۇچى سانىيە دەرستىن چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرىشى بىلەن تەڭ مەكتەپ كىتاپخانىسىنىڭ خادىمى يېڭى كەلگەن گېزىت بىلەن بىللە بىر بۇرجىگىدە لېي فېڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەسىم چۈشۈرۈلگەن بىر كونۋېرتنى ئۇنىڭغا بەردى. ئوقۇتقۇچى زور قىزىقىش بىلەن كونۋېرتكە قارىدى، ئادرېس ئۆزىگە يېزىلغان ئىدى. شۇڭا دەرھال بىر چېتىنى ئاۋايلاپ يىرتىپ كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن خەتنى ئالدى. ئادەتتىكى بىر پارچە ئاق قەغەزگە يېزىلغان خەت ھە دېگەندىلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. "... دېمەك مەن سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار، ئاتا-ئانىسىدىن مىننەتدار، بولۇپمۇ سىز ئۇستاز ئېرىنمەي، زېرىكمەي تەربىيە بەرمىگەن، ئەمگەك سىڭدۈرمىگەن بولسىڭىز، ئالى پەزىلەتكە ئىگە مۇنداق بىر ئەۋلاتنىڭ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىنمىدى؟..."

ئۇقۇتقۇچى خەتتە بايان قىلىنغان ئىشلارنى خىيال تەسەۋۋۇردىن ئۆتكۈزۈپ ھاياجانلاندى. خەت ئاپتورىنىڭ ئۆزىدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى ئەسلەپ ھوپپىدە قىزاردى ۋە مېيىغىدا



كۈلۈپ قويدى، ئىختىيارسىز ھالدا پارتىيىنى، خەلقنى ئەسلىدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. ئۇ بۇ خىياللار بىلەن نەلەرگىدۇر تىكىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ قولىدىكى كونۋېرتكە يېنىپ نەزەر ئاغدۇرغاندا، لېي فېڭ تېخىمۇ كۈلۈمسىرىگەندەك كۆرۈندى...

* * *

كەچ سائەت 5 مەزگىلى ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى يېغىۋاتقان قار تېخى توختىمىغان ئىدى. دىلشات ئىتتىپاق باش ياچېيكا يىغىنىدىن زىممىسىگە يېڭى-يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر تار كوچىغا بۇرۇلغاندا، بىر موماينىڭ بىر قولىدا ھاسىغا تايىنىپ، يەنە بىر قولىدا 80 ياشلار چامىسىدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ھاسىغا چۈشۈپ قالغان بىر بوۋاينى قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. دىلشات دەررۇلا ئۇلارغا يول بېرىپ قاراپ تۇردى. دىلشات بىرئاز قاراپ تۇردى-دە، ئارقىسىغا ياندى.

—موما، ئەكەلسىلە، بوۋامنى مەن يۆلىۋالاي،—دېدى دىلشات ۋە بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن ئالدى. بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىغان موماي دىلشاتقا قارىدى.

—ھە، ھە، رەھمەت بالام، سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق.

—نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسىلەر،—دەپ سورىدى دىلشات.

—دوختۇرغا بالام،—دېدى موماي،—قىشنىڭ كۈنى بىر

تۇتام، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، كەچ قالدۇق.

—بىچارە موماڭنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمەيدۇ، —دېدى بوۋاي، —سەل مىجەزىم يوق، دوختۇرغا بېرىۋىدۇق.

دىلشات مومايىنى ئەمدى ئېنىق كۆردى، راستلا كۆزى ياخشى كۆرمەيدىكەن، ھاسىغا تايىنىپ ئارانلا ماڭىدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ بىر جۈپ تەڭ قېرىغان بوۋاي-مومايلارنىڭ بىر بىرىگە قەدىناسلىغى، بىرىنى بىرى ئاسراۋاتقانلىغى دىلشاتنىڭ ياش قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ بۇ كىشىلەرگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئاشتى. موماي ئالدىدا، دىلشات بوۋاينى يۆلەپ كەينىدە ماڭدى. قار بۇ تار كوچىدا بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئۈستىگە لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. بوۋاينىڭ ئاپپاق ساقىلى، مومايىنىڭ ئاق داكا ياغلىغى قارغا ئوخشاش پاقىراپ كۆرۈنەتتى.

دىلشات بوۋاينى يۆلىگەنچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

—ئولتا بالام، دېمىڭنى ئال، —دېدى بوۋاي ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن.

دىلشات سۇپىنىڭ گىرۋىگىدىلا ئولتۇردى ۋە بوۋاي-مومايدىن ھال سورىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن تەشەككۈرلىرىنى ئېلىپ قايتتى.

دىلشات مەكتەپ ئىنتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى، سىنىپ ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى، ۋەزىپە كۆپ ۋە ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەۋسۇملۇك ئىمتىھان ۋاقتى، ئائىلىنىڭ



ئىشچۇ تېخى، دادىسى دۈي ئەزالىرى بىلەن قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن، ئانىسى دۈيدە ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، ۋاقىت قىس، بۈگۈن كۈن كەچ بولسىمۇ تۈگمەنگە بارماقچى، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ ۋەقەگە دۇچ كەلدى. قانداق قىلىش كېرەك، بىلىپ تۇرۇپ بۇلارنى تاشلىۋەتسۇنمۇ؟ "ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ" دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، "مەن ئىنتىپاق ئەزاسى، '3 تە ياخشى' ئوقۇغۇچى، مۇنەۋۋەر ئىنتىپاق ئەزاسى! لېي فېڭ تاغام، يولداشلارغا باھاردەك ئىللىق بول، دىگەن ئىدىغۇ...!"

* * *

دىلشات ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ، ھويلىسىدىكى قارلارنى تازىلىدى، چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، جىلتىسىنى بويىنىغا ئاستى ۋە ھويلىدىكى تامغا يۆلەكلىك ياغاچ گۈرجەكنى قولىغا ئالدى-دە، ئالدىراپ ئىشىكتىن چىقتى. كېچىچە قار يېغىپ، ئەتىگەندە كۈن لاپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنلىكتىن، سوغاق دەھشەتلىك بولىۋاتاتتى.

—جېنىم قوزام، سوغاقتا نىمانچە ئەتىگەن كەلگەنسەن، —دىدى موماي مېھرىۋانلىق بىلەن، —ئاۋال ئۆيگە كىرىپ كىچىككىنە ئىسسىنىۋال، سەن تېخى ياش نوتا، سوغاق ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

—ئۆيگە كىرسەم مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمەن موما، —دىلشات ئېتىراز بىلدۈردى-دە، چوڭراق ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ

ئورنىدەك هويلىنىڭ قارىنى تام تۈۋىگە دۆۋىلەپ بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ بوۋاينىڭ هالىنى سوردى.

— شۈكرى ئوغلۇم، بۈگۈن خېلى ياخشىدەك تۇرىمەن، — دېدى بوۋاي ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ بوۋا، ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، سەنمۇ مۇرات-مەقسىتىڭگە يەت ئوغلۇم.

دىلشات كەچتە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاۋال هويلىدىكى هىلىقى دۆۋىلەڭلىك قارنى سىرتقا چىقاردى، ئاندىن ئوگزىدىكى قارنى چۈشۈردى، ئۆيگە كىرىپ كانايىنى قېقىشتۇرۇپ، ئىسسىق راۋان ماڭىدىغان قىلىپ بەردى.

كەچتە گۈر-گۈر يېنىۋاتقان مەشنىڭ ئىسسىغىدا هوزۇرلىنىپ ئۆيدە سوزلىشىپ ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن موماي يەنە ئىختىيارسىز دىلشاتنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگەندە، كوڭلى ئەينەكتەك يورۇپ كەتتى. "بۇ نىمە دېگەن ئىسىل بالا-ھە، كۆنىگە ئىككى قېتىم سۇ ئەكېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇن، كومۇر ئەكېلىشمۇ ئەمدى بىزگە ئاشمايدىغان بولدى، ھەتتا قول هارۋىسىغا سېلىپ بىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەللىرىمىزنى كورسىتىپمۇ كەلدى، بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى؟ قايسى مەكتەپتە ئوقۇپ، قايسى مۇئەللىمدىن تەلىم-تەربىيە ئالغاندۇ؟..."

* * *

كۈتۈلمىگەندە ئوز ئادرېسىغا كەلگەن خەت ئوقۇتقۇچىنىمۇ



چوڭقۇر ئويغا سالدى. خەتنى ئاساسىي قاتلام كومىتېت كاتىۋى ۋاكالەتەن يېزىپ بەرگەن ئىدى. لېكىن قايسى دىلشات! بۇ سىنىپتا دىلشات ئىسىملىك ئوقۇغۇچىلاردىن بىرقانچىسى بار، ئوقۇتقۇچىنىڭ خىيال-پىكىرلىرى چوڭقۇرلاشتى ۋە قانات قېقىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. دىلشات ياسىنمۇ، دىلشات تۇرسۇنمۇ ياكى دىلشات مۇسامۇ...؟ ئوقۇتقۇچى ئەنە شۇنداق ئوي-خىيال ئىچىدە مەكتەپ مەيدانىنى ئايلىنىپ يۈردى، بىردىنلا مەيداندا توپ ئويناۋاتقان دىلشات تۇرسۇنغا كوزى چۈشتى ۋە ئوز قىياسىنى مۇقىملاشتۇردى. بۇنىڭغا ئالدىنقى يىل كۈز پەسلىدە يۈز بەرگەن مۇنۇ بىر ۋەقە سەۋەب بولغان ئىدى:

بىر كۈنى 90 ياشلار مولچىرىدىكى بىر بوۋاي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، توپ مەيدانىنى چورىدەپ تۇرغان كىشىلەر توپىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىدىن:

— قىزىم، سانىيە مۇئەللىم دېگىنىڭلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

توپ مۇسابىقىسى ۋاقىتلىق تەنەپپۇس ئۇستىدە تۇراتتى. دىلشات تونۇش بوۋايىنى كورۇپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— دىلشات، بۇ نىمە قىلغىنىڭىز، بۇ دېگەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە، دەرھال ئورنىڭىزغا بېرىڭ.

ئوقۇتقۇچى بۇ ئىككەيلەننىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، هىلىقى قىز ئوقۇغۇچى بوۋايغا ئىما قىلىپ:

—بوۋا، سىلە ئىزلىگەن سانىيە مۇئەللىم مانا مۇشۇ كىشى بولىدۇ، — دېدى.

—ئويۇنۇڭنى ئوينىۋەرگىن بالام، كېيىن يەنە مۇڭدىشىمىز، — دېدى بوۋاي، ئۇ دىلشات ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسىغا سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ قويدى ۋە:

—سانىيە دېگەن سىز بولامسىز قىزىم، مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزلەپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

—ناھايىتى ياخشى، جۇرسىلە، ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.

—خوش قىزىم، مانا، مەيەرگىرەك كېلەيلى.

ئۇلار ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن خالىراق يەرگە بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئاتا-بالىدەك سەمىمى مۇڭدىشىپ كەتتى.

دىلشات شۇ يىلى يازدا ۋىلايەتلىك ۋالىبول كاماندىسىغا قاتنىشىپ ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقاندا، يولدا بىر بوۋاي بىلەن ھەمرا بولۇپ قالدۇ. بوۋاينىڭ تۇققان يوقلاش ئۈچۈن قەشقەرنى كۆزلەپ يولغا چىقىشى ئىكەن، يول ئۈستىدە دىلشات بوۋايدىن خەۋەر ئېلىپ، مۇشكۈلىنى ئاسان قىلدۇ. بوۋاي قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دىلشاتنىڭ مۇئەللىمىنى ئىزلەپ تېپىپ، مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى....

ئوقۇتقۇچى ئاستا بېسىپ توپ مەيدانىنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇ ئىشلار خىيالىدىن يەنە بىر قېتىم تىزىلىپ ئۆتتى ۋە ئىشارەت بىلەن دىلشاتنى چاقىردى.



—دىلشات، مەن سېنى يەنە بىر بوۋاينىڭ خۇشاللىقى بىلەن تەبرىكلەيمەن، — ئوقۇتقۇچى دىلشاتنىڭ دولىسىغا قولىنى سىلاپ، ئىنتايىن مېھرىۋانلىق بىلەن ئۆزىگە يېقىن تارتتى، — بۈگۈن سېنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەھۋالنى مەندىن يوشۇرۇپ يۈرۈپسەن.

ئوقۇتقۇچى دەل ئۈستىدىن چۈشكەن ئىدى، دىلشات داۋاملىق يوشۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى ۋە نىمىشقىدۇ يۈزى لاپپىدە ئوت ئالدى.

—لېي فېڭ تاغام بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى.

—توغرا، داۋاملىق ئالغا بېسىش كېرەك، يەنە تىرىشقىن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، دەۋرىمىز سىلەردەك ياشلاردىن ئىلگىرىكى قىزىل ئارمىيە تاغىلاردەك ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ...

1978 - يىل 5 - ئاي، غۇلجا.

www.uyghurkitap.com

# يول

سىز شەھەرنىڭ چىرايلىق ئاسفالت كوچىلىرىدا ھوزۇرلىنىپ ماڭغىنىڭىزدا، بۇ يوللارنىڭ ئۆتمۈشىنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيدىغانسىز؟ يول ياساش دۆيىنىڭ پىنسىيىگە چىققىدىغان ئىشچىلىرىنى ئۇزىتىش يىغىنىدا، پىشقەدەم ئىشچى ئاسىم ئاخۇن ئاكا بۇ ھەقتە ھىكايە قىلدى. يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى، كونا جەمىيەتتە پاتقاق لومشۇپ تۇرغان كوچىلار يىغىن ئەھلىنىڭ كوز ئالدىدا ئايان بولۇشقا باشلىدى.

*
*
*

بۇ، بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى بولغان ۋەقە ئىدى. ئاسىمنىڭ دادىسى ھوشۇر بايغا يالىنىپ، ئۇنىڭ جاڭزىسىدا ئىشلەيتتى. ئاسماندىن تاۋار ياغسا، كەمبەغەللەرگە پۇرىچى تەگمەيدىغان ئۇ زامانلاردا يوقسۇللارنىڭ بېشىغا نىمە كۈنلەر كەلمەيتتى دەيسىز؟ ئەتىيازنىڭ تازا ئۇزۇكچىلىك كۈنلىرىدە ئاسىمنىڭ دادىسى ئاغرىپ يېتىپ قىلىپ، نامرات ئائىلىنىڭ غەم-غۇسسىسى ياش ئاسىمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى.

— تىرىلغۇ يېقىنلاشقاندا، بۇ مۇتىھەمنىڭ يېتىۋالغىنىنى



قارا، — دىدى ھوشۇر باي بىر كۈنى جاڭزىسىغا چىققاندا ئاسىمغا سەت ھومىيىپ، — ئۇنىڭ شىللىسىدىكى قەرز ئاز ئەمەس.

— دادام ئەتەي يېتىۋالمىدى، قەرز بولسا، مانا مەن تۇرۇپتىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاسىم غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

بىر كۈنى كەچتە، ئاسىم ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئېغىل يېنىدىكى كونا ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى بىر نىمىنى سەزگەندەك "قات" قىلىپ قالدى-دە، ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، كىرىشى بىلەنلا ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ئاسىمنى قۇچاقلاپ ھوڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئاسىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىڭىكى چېتىپ قويۇلغان ئىدى. ئاسىم ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

— دادا، دادا...

دادىسىنىڭ كوزى يۇمۇلغان، باللىرىنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ، ئېغىر كۈنلەرنى بىلىندۈرمەيدىغان ئىسسىق قوللىرى بولسا مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقىچە يىغلاشتى....

ئەتىسى يورۇق چۈشمەيلا ئاسىم شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ باينىڭ ئالدىغا بېرىپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى خەۋەر قىلىشى ۋە بايدىن ئاز-تولا قەرز ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

— باي: داداڭدا قەرزىم بار، ئۇ، بۇ دىسە، دادامنىڭ

ئورنىدا مەن بار، دېگىن ئوغلۇم، — دەپ جېكىلىدى ئانىسى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.

شۇ كۈنلەردە تازا پاتقاقچىلىق بولىۋاتاتتى. ئاسىم شەھەرنىڭ تار، قىستاڭ ئارقا كوچىلىرىدىن تاملارغا تايىنىپ، تىزغىچە پاتقاق كېچىپ ئۆتۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە چۈشكە يېقىن دەڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە پاتقاق لومشۇپ تۇراتتى، كىشىلەر ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈش ئۈچۈن، يوغان-يوغان تاشلار قويۇلغان يەرنى تاللىشىپ تىقىلىشىپ قالغان ئىدى. يەنىمۇ نېرىراقتا بولسا ئادەمنى ئادەم ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئالدىراپ تۇرغان ئاسىم ئادەملەر ئارىسىغا قىستىلىپ، مىڭ تەسلىكتە ئالدىغا ئۆتۈپ، ھېلىقى تەۋرىنىپ تۇرغان تاشلارغا ئەمدىلا قەدەم باساي دەپ تۇراتتى، كىشىلەر ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ قېچىشقا باشلىدى.

— ھوي ئاكا، نېمە گەپ، نېمىشقا قاچىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئاسىم ئۇدۇلىدىن پاتقاق كېچىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىدىن.

— قاچ ئۇكام، جېنىڭنى دالدىغا ئال، چېرىكلەر پاتقاق تارتىشقا ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ.

يوغان تۇرگىنىڭ ئاغامچىسىنى بويىنىغا سېلىپ، پاتقاق تارتىشنىڭ قانچىلىك ئازاپلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاسىم دادىسىدىن ئاڭلىغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئارقىغا قايتمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ



ئاخىرەتلىكىنى ئېلىشى، بۇ ئىشنى ھازىرلا پۈتتۈرۈپ، يېزىغا قايتىشى لازىم ئىدى.

ئاسىم شۇ خىيالدا تۇراتتى، نېرىراقتا چېرىكلەر پەيدا بولدى. ئۇلار يېزىدىن كىرگەن بىر بوۋاينى تۇتۇۋالغان ئىدى. ئەپتىدىن كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى سېزىلىپ تۇرغان بوۋاي بولسا نالە قىلىپ يالۋۇرۇۋاتاتتى.

— خۇدا ھەققى، باللىرىم ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، مېنىڭ پاتقاق تارتقۇچىلىك مادارىم يوق. ماڭا رەھىم قىلىڭلار!

چېرىكلەرنىڭ ئارقىسىدا سېمىز ئاتقا مىنىپ تۇرغان، بېشىغا يوغان قاما تۇپە كىيگەن بىر ئادەم قامچىسىنى شىلتىپ، بوۋايغا قاراپ ۋاقىرىدى:

— ھەي قېرى! يولغا ئىشلەش ساۋاپ ئىش، ئۆلسەڭمۇ خۇدا يولىدا كېتىسەن.

— تەخسىر، شۇنچىلىك ساۋاپ ئىشلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، پاتقاققا ئۆزلىرى چۈشسىلە بولمامدۇ؟ — دېدى بوۋاي ئەلەمگە چىدىماي.

— تىلىڭنى تارت! — ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىپ بوۋايغا قامچا سالدى.

شۇ چاغدا ئاسىمغا كۆزى چۈشكەن ئىككى چېرىك ئارقىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى، ئاسىم بىر سىلكىنىپلا ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىۋالدى.

— ماڭا ئېسىلماڭلار، مېنىڭ زورۇر ئىشىم بار، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسىم چېرىكلەرگە قاراپ.

— ئاناڭنى...ماڭە! ماڭ! ئەتە شەنگەنىنىڭ ئوغلىنىڭ تويى، بۇ يولدىن بەگزادىلەر ئۆتىدۇ، يولنى تازىلاش كېرەك.

— توي؟! — ئاسىم سەسكىنىپ كەتتى، — مېنىڭ توي ئۈچۈن مېڭىشقا ۋاقتىم يوق، كېچە دادام ئۆلۈپ قالدى، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈملىگىنى....

ئاسىم تېخى گېپىنى تۈگەتمىگەن ئىدى، "تارس" قىلىپ تەككەن قامچا ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتتى-دە، قان ئېقىپ پاتقاقنى بويىدى. تىل-ئاھانەت كوز يۇمۇپ ياتقان دادىسىغىچە بېرىپ يەتكەندە، ئاسىمنىڭ غەزىۋى ئېچىگە سىغماي، ئالدىدا ھورپىيىپ تۇرغان چېرىكنى قانداق ئۇرۇۋەتكەنلىگىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. بازغاندەك تەككەن مۇشت بىلەن چېرىك پاتقاقتا تىككىدە چۈشتى. قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر "تۇت، ئۇر، باغلا..." دېيىشكىنىچە ئاسىمغا قاراپ تەڭلا ئېتىلىشىپ، ئۇنى باغلىۋالدى.

بوۋاي بىلەن ئاسىم يامۇلغا قامالدى. بوۋايغا ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىغا سوز قايتۇرغانلىغى ئۈچۈن 15 كۈن پاتقاق تارتىدىغانلىغى، ئاسىمغا بولسا، ھوكۇمەت چېرىگىنى ئۇرغانلىغى ئۈچۈن ئىككى يىل قاماقتا ياتىدىغانلىغى ئۇقتۇرۇلدى. چېرىكلەر ھەر كۈنى ئۇلارنى يالاپ ئېلىپ چىقىپ پاتقاق تاتقۇزاتتى. ئاسىم ئۆز دادىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىچارە بوۋايغا كۈچ كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن كۈچەپ تارتاتتى. دەڭ دەر-



ۋازا، سېپىل ياقىسى، توغرا كوۋرۇك، ئات بازىرى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كوچىلارنىڭ پاتقاقلىرىنى ئادالاپ، 4-كۈنى كەچتە يامۇلغا قايتقاندا، بوۋاي ھالىدىن پۈتۈنلەي كەتتى. ئۇ ئاسىمغا پىچىرلاپ:

— بۇ ناھەقچىلىكنى كوردۇڭمۇ ئوغلۇم، ئۇلار ھەر يىلى ئالۋاڭ-ياساق دەپ بىزنىڭ تېرىمىزنىمۇ شىلىۋالدۇ. خەلقنىڭ ماڭىدىغان يولى بىلەن بولسا كارىمۇ يوق. تېخى بىزدەك كەمبەغەللەرنى ئالۋاڭغا تۇتىدۇ، مۇشۇمۇ ھوكۇمەت بوپتىمۇ....

ئاسىمنىڭمۇ پۈتۈن بەدىنى سىقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدىن سېسىق پاتقاقنىڭ ئاچچىق پۇرىغى چىقىپ دىماقتى ئېچىشتۇراتتى. ئاسىم كوزىنى يۇمۇشى بىلەنلا كوز ئالدىغا چەكسىز كەتكەن پاتقاقلىق كەلدى. بىردىنلا بۇ قاپقارا پاتقاق پاقىراپ تۇرغان چىرايلىق يولغا ئايلاندى. سىپ-سىلىق يولدا ئاسىم دادىسى، ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن خوشال كېتىپ باراتتى. ئاسىم كوزىنى ئېچىپ چۈش كورگەنلىگىنى چۈشەندى. نىمە دىگەن ئاجايىپ يول-ھە! يوللار شۇنداق راۋان بولۇپ، يوقسۇللار خوشال بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ئاسىم بۇ ئارزۇنى بوۋايدىن سورىماقچى بولۇپ، ئۇنى ئاستا چاقىردى.

— چوڭ دادا، چوڭ دادا.

بوۋاي زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ ياغاچتەك قېتىپ قالغان ئىدى. ئاسىم بوۋاينىڭ ئۆلۈپ قالغانلىغىنى كورۇپ، قاراڭغۇ، زەي كامىردا شۇنچىلىك قورقۇنچ ۋە يالغۇزلۇق ھىس قىلدىكى،

بىردىنلا ۋاقىرىۋەتتى....

ئاسىم ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ چىققاندا سىڭلىسى ئانىسىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئانا ئوزىنىڭ جاپاكەش يولدىشىنى زىغىر پاخىلىغا يوگەپ كومگەن ئىدى. ئوغلىنىڭ قايتىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ، يېشى قۇرۇماي، ئاخىرى كوزلىرى ئېتىلىپ قالغان ئىدى. ئاسىم ئانىسىنى قۇچاقلاپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق يىغلىدى....

تاڭ ئاتتى. ئاسىم بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ، بولىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ خوشاللىققا چومدى. ھەممە يەردە يېڭى قۇرۇلۇشلار سېلىنىۋاتاتتى. شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر يوللارغا تاش ياتقۇزۇپ، يول ياساۋاتاتتى. ئاسىم يول ياساۋاتقانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇردى. يېڭى ھوكۇمەت نىمە دىگەن ئادىل-ھە! ئاسىمنىڭ كوز ئالدىغا بۇ يوللارنىڭ پاتقىقىنى تارتىپ ئولۇپ كەتكەن ھىلىقى بوۋاي كەلدى-دە، يۈرىگى دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

— سىلەر قايسى ئورۇننىڭ ئادەملىرى؟ — دەپ سورىدى ئاسىم يولغا ئىشلەۋاتقانلاردىن.

— بىز يول ياساش دۈيىنىڭ ئىشچىلىرى، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئۇلار جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.

— دۈيىڭلارغا ئادەم ئالامدۇ، مەن ھەقسىز ئىشلەشكە رازى، — دىدى ئاسىم ھاياجانلىنىپ.



ئىشچىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىز ئىشلەشنى خالامسىز؟ بىزگە ئادەم ناھايىتى زورۇر، ئەتىدىن باشلاپلا كېلىپ ئىشلىسىڭىز بولىدۇ، — دىدى ئىشچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

بۇ 1950-يىلى بولغان گەپ ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئاسىم يول ئىشچىسى بولۇپ قالدى. يول ياساش جاپالىق ئىش. لېكىن ئاسىم ئاخۇن ئاكا ھەر قېتىم يولغا ئىشلەۋاتقاندا، خەلقنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ، سوتسىيالىزىمنىڭ داغدام يولىنى ياساۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىدە چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ھىس قىلاتتى.

* * *

دولەت بايرىمى كېچىسى ئاسىم ئاخۇن ئاكا پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ، كوچا سەيلىسىگە چىقتى. ئۇلار "قىزىل بايراق" مەيدانى ئالدىدىكى يولغا كېلىپ توختىدى. بۇ، ئىشچىلار دولەت بايرىمىغا سوغا قىلىپ، يېڭىدىن ياساپ پۈتتۈرگەن يول، شۇنداقلا ئاسىم ئاخۇن ئاكا پىنسىيىگە چىقىپ، ئومرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى راھەتتە ئوتكۈزۈش ئالدىدا ياسىغان ئاخىرقى يول ئىدى. يېڭى يول ئېلېكتىر چىراقلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا يورۇپ تۇراتتى. ئاسىم ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىنى باشلاپ شەھەرنىڭ مەركىزىگە قاراپ ماڭدى. كەڭ، ئازادە "ئازات" يولى كوچىسى، "ستالىن كوچىسى"، "باغ كوچىسى"، "غالىبىيەت يولى" ۋە "ياشلار كوچىسى" قاتارلىقلارنىڭ پاقىراپ تۇرغان ئاسفالىت

www.uyghurkitap.com

يوللىرىدىن بايرام خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن كىشىلەر ئۆتۈپ تۇراتتى. يوللارنىڭ چەتلىرىدىكى رەت-رەت كەتكەن دەرەخلەر يوللارغا قويۇق كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قەۋەتلىك ئىمارەتلەرگە ئورنىتىلغان سانسىز رەڭلىك بايرام چىراغلىرىنىڭ نۇرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر گۈزەللىكنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئاسىم ئاخۇن ئاكىغا گويا ئۇنىڭ 40 يىلچە ئىلگىرى يامۇلنىڭ سوغاق، زەي كامىرىدا يېتىپ كۆرگەن چۈشى قايتىلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. ياق، بۇ چۈش ئەمەس، دۆلەت ھەر يىلى شەھەر يوللىرىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن مىڭ سوملاپ پۇل ئاجرىتىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. ئۆتمۈشنىڭ پاتقاقلىق يوللىرى تارىخىي ھېكايىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاسىم ئاخۇن ئاكا ئۆزىنىڭ 25 يىلدىن ئارتۇق ئۆمرىدە شۇ پاتقاقلىق يوللارنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قېتىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالىغىنىنى ئويلىسا چەكسىز پەخىرلىنىدۇ. بۇ تېخى يول قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى. كەلگۈسىنىڭ يوللىرى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ كۆركەم بولىدۇ.

(بۇ ھېكايە يولداش مەتمىن ھوشۇر بىلەن بىللە يېزىلغان)

1978 - يىل 10 - ئاي، غۇلجا.



# بىزنىڭ باشلىق

ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا باشلىق توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالسىلا سا كوجاڭ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بولۇم باشلىقى ئىدى. قايسى كۈنى بىزنىڭ ئىدارىگە بارغىنىڭىزدا ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىقراق، پېشانىسى كەڭ، ئىڭىكى تار، قېشىنىڭ تايىنى يوق، گازىر كۆز، ئاغزى يوغان، قوساقلىق كەلگەن بىر كىشىنى ئۇچراتقانمىدىڭىز؟ ھە،...ساۋۇت كوجاڭ دېگەن شۇ، بىز ئۇنى قىسقارتىپلا "سا كوجاڭ" دەيمىز. ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى باشتا مەنمۇ ئانچە بىلمەيتتىم، كېيىن ئاستا-ئاستا چۈشىنىۋالدىم. ئىدارە باشلىقلىرى—مۇدىر دەمسىز، شۇجى دەمسىز، ھەتتا باشقا ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرىمۇ—ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كۆپ كېلىدۇ...توۋا، سا كوجاڭ شۇ باشلىقلار بىلەن بولغان پاراڭلىرىدا "ماقۇل، دۇرۇس، بولىدۇ، مەسىلە يوق" تىن باشقا ھېچنېمە دېمەيدۇ. بەزىدە ئىچىم پۇشسا، بەزىدە زەردەم قاينايدۇ، ئامال قانچە!

باشلىقىمىز بەك "ئىشچان" ئادەم، قاچانلا قارىسىڭىز "ئالدىراش"، بۇنىڭ بەلگىسى ھەمىشلا ساقال-بۇرۇتلىرى ئۇسكى-

لەك. بۇ ھەقتە كىملا گەپ قىلسا:
—ئىشلار ئالدىراش ئۇكام، ئىلىشقا ۋاقىت يوق، —دەيدۇ.
بىر كۈنى يەنە 15 كىشىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قەغىزى
كېلىپ قالدى. باشلىقىم پايپېتەك بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بايقاپ
يۈرىمەن. ئارىدىن ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتتى. ئېھتىمال ئاڭغى-
چە باشلىقىم كىملەر بىلەن كورۈشۈپ، كىملەر بىلەن نىملەر
دېيىشتى، بۇنى كىم بىلسۇن؟ مۇشۇنداق كۈنلەردە بىزنىڭ بولۇم
بەك ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. بىراق باشلىقىمنىڭ ئايىغى ئاستىلاپ
قالدى. ئىشقا ۋاخچىرەك كېلىدۇ، قارىسىڭىز ئۇنىڭدا قانداقتۇ
بىر ھارغىنلىق سېزىسىز—كوزلەر قىزارغان، قاپاقلار ئىششىغان،
ئۇگدەك باسقان. باشلىقىمنىڭ بۇ ھالىتىدىن خەۋىرى يوق،
زادىلا بىزنىڭ بولۇمگە كىرمەيدىغان شۇجىلار، مۇدىرلار،
قايسى ناھىيىنىڭدۇ سەيگۇيۇەنلىرى ۋە ئاغىنە-ئۇڭگىلىرى
يېغىپلا كېتىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك ماشىنىلاردا،
بەزىلىرى ۋەلسىپىتلاردا ۋە بەزىلىرى، ئارىلىق يېقىن بولۇشى
كېرەك، چاپانلىرىنى دولىسىغا ئارتقىنىچە كىرىپ كېلىشىدۇ، بۇ
ئوتتۇرىدىكى گەپ-سوزلەر، كۈلكە-چاقچاقلار، خوشامەتلەرگە
چىداپ بولمايدۇ، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىچۇ تېخى، قىزىق. يەنە
كېلىپ بۇلار شۇنداق پەيتلەردە كېلىدۇكى، ئەتىگەندە، چۈشتە
ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، كەچقۇرۇنلىرى كېلىشىدۇ. باشقا
چاغدا كەلسە ئىدارىدە ئادەم تولا بولىدۇ-دە!
بۇنداق باشلىقلارنى كورگەندە بىزنىڭ ساكوچاڭ قەۋەتلا



ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئادەتتە تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم سۇنۇلۇ-
ۋاتقان تاماكىلارنى—"فېڭخۇاڭ" دەمسىز، "مۇدەن" دەمسىز،
"داچيەنمېن" دەمسىز، شۇنداق ئۇلتىپات بىلەن ئالىدۇكى، ئېگى-
لىپ كېتىدۇ، شورىغاندا بولسا ئاسمانغا ئىس چىقىرىپ گىدىيىپ
كېتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ مېنىڭ كۈلكەم قىستايدۇ. ھەي بىچارە
باشلىق، نەپسىڭنىڭ قۇلى، دەيمەن.
بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىدارىدە ئىككىمىز قالدۇق. مەن كاتىپ
بولغىنىم ئۈچۈن بەزى ئىشلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىكمەن-دە.
—ئىنىم رەھىمجان، —دىدى كوجاڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە-
رەك قىلىپ، —كەلگەن سان 10 ئىكەن، —ئۇ سوزلەۋېتىپ
دەرھال ماڭا قارىدى، —بىزدە "قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ
يۈزنى يۇيىدۇ" دەيدىغان ماقال بار، بۇنى مۇنداق قىلساق
دەيمەن. سىز قانداق قارايسىز؟ —ئۇ ئويلىنىۋالدى ۋە، —
سانىنىڭ ئىككىسىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنىڭ بىرىنى ما شۇجى-
نىڭ قىزىغا، بىرىنى باست چۇجاڭنىڭ ئوغلىغا بەرسەك، ئاندىن
ھەرقايسى ئىدارە باشلىقلىرى ۋە بىر قىسىم يولداشلارنىڭ
پەرزەنتلىرىگە بەرسەك، ئېلىپ قالغان 2 سانىنىڭ بىرىنى،
بىزنىڭ قېيىنى سىڭىل بار ئىدى، ئوزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئۇزۇن
بولدى ئويدە بىكارچى، شۇنىڭغا، يەنە بىرىنى ھىلىقى بىر-
ئىككى ئايدىن بېرى قاتىراپ يۈرگەن مۇتىھەم خوتۇننىڭ قىزىغا
بەرسەك دەيمىنا، شۇنىڭ بىلەن ھازىرچە چۇقان بېسىلاتتى.
كېيىن يەنە كېلىدىغۇ، شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ يولدىشىڭىزنى بىر

www.uyghurkitap.com

ئامال قىلساق دەيمەن. قانداق قارايسىز؟ — دىدى. مىنى شۇن-
داق بىر تاغ باستىكى، ئۇنىسنى دىمەيلا قويۇڭ. مىنىڭ كىيىن
ئۇ بولۇمدىن يوتكىلىشىم مۇشۇ "ئادالەت"نىڭ مىۋىسى
ئەمەسمىدى!

ئۇيناشماڭ ئەرباپ بىلەن، توغرىلايدۇ ھەر باپ بىلەن دەپ،
نەق شۇنىڭ دىگىنىچە بولدى. يەنە كىلىپ قانداق دىمەمسىز؟
بۇ تىپىخمۇ قىزىق.

بىر ئەتىگىنى بولۇم كىشىلەر بىلەن لىق تولدى. بەزىلىرى
زىيالى ياشلار، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلار، ھىلىقى 2 ئايدىن بىرى
قاتىراپ يۈرگەن "مۇتەھەم" ئايالمۇ بار ئىدى. ھەممىسى
باشلىقنى كۈتەتتى. بىر ۋاقىتتا باشلىغىم قارا كوزەينەكنى تاقى-
غانچە توپنى يىرىپ كىرىپ كەلدى. بولۇم شۇ زاماتىلا ئوپۇر-
توپۇر بولدى. بىراق سا كوجاڭ ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن ھەي-
دەشكە باشلىدى.

— چىقىڭلار، چىقىڭلار، ۋاي-ۋۇي، نىمە دىگەن تەرتىپ
بىلمەيدىغان ئادەملەرسىلەر، — ئۇ قوللىرىنى كىرىپ كىشىلەرنىڭ
غوللىرىدىن ئىتتىرىپ ھەيدەشكە باشلىدى. كوپچىلىك بولسا
ئاللىنىملەر دەپ بولۇمدىن چىققىلى ئۇناشمايتتى. رەللە بولغان
باشلىق پاپكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە پاققىدە تاشلىدى،
كوزەينىكىنى ئىلىپ ئالدىرىماي قاپچۇغىغا سالدى، قول ياغلى-
غىنى ئىلىپ كوزلىرىنى، يىرىك ساقال-بۇرۇتلىرىنى سۈرتتى،
چۈنكى ئۇنى كوپچىلىكنىڭ ھەر خىل گەپ-سوزلىرى تەرلەت-



كەن ئىدى. ئۇ تاتىرىپ، ئۇكۇپ ئولتۇردى. توپنى يىرىپلا
بۇجاڭ كىرىپ كەلدى. بىردىنلا باشلىغىمنىڭ چىرايى ئىچىلىپ،
ئورنىدىن تۇرۇپ بۇجاڭنى قارشى ئالدى ۋە بۇجاڭ سۇنغان
تاماكىنى دەررۇ ئىلىپلا، دەردىمگە شىپا، دىگەندەك قاتتىق-
قاتتىق شوراپ چەكتى. تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئارىلىغىدا بۇجاڭغا
سىرلىق پىچىرلىدى، بۇجاڭمۇ كوپچىلىككە بىر ئالايدى-دە،
چىقىپ كەتتى.

— مۇشۇنداق كۇسۇر-كۇسۇر بىلەن توگەۋاتقان ئىشتە بۇ، —
دىدى ھىلىقى "مۇتەھەم" دەپ نام ئالغان ئايال زەردە بىلەن.

— بولدى-بولدى، سىلىنىڭ يامان گەپلىرىنى ئاڭلاشقا
تاقىتىم يوق مىنىڭ، — دىدى باشلىق تىرىكىپرەك.

— يالغانمۇ؟ — دىدى بىر زىيالى ياش بالا، — 5 يىلدىن
بىرى بىز قاتىرايمىز، بىزنىڭ ھەل بولمايدۇيۇ، تىخى 6 ئاي
بولمىغانلار ئىشقا ئورۇنلاشسۇن، مانا ھەقىقەت!

— ئورۇنلاشقانلارنى كوزۇڭ كورمىدىمۇ، — دىدى باشلىق
تەمتىرەپ تۇرۇپ.

— كوردۇم! ئارقا ئىشىك قىلغانلارنىڭ ئورۇنلاشتى، بىراق
بىزنىڭ ۋىجدانىمىز ئۇنداق ئىپلاسلىقنى خالىمايدىكەن!

— ماۋجۇشى ھايات تۇرۇپلا ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ كىتەر-
مۇ؟... ياق، كورىمىز تىخى...

شۇ ئارىلىقتا 20 ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، زىلۋا
بوي، تار يوپكىسى ئوزىگە ياراشقان بىر قىز كىرىپ كەلدى.

ئۇ مۇرىسىگە "پوكىس" قىلىپ ئېسىۋالغان سېرىق سومكىسى،
بىلىگىدىكى پاقىراپ تۇرغان سائىتى ۋە نازىنىنلىغى بىلەن باش-
غىمۇ سەپ سالمايلا ھەممىنى تەڭلا بولۇمدىن قوغلاپ چىقاردى.
ئىشىكتىن چىقىشتا ھىلىقى قىز "مەن"، "مەن..." دەپ بىرقانچە
قېتىم گەپ قىلىشقا تەمشەلسىمۇ بەربىر چىقىرىۋېتىلدى، زالدا
ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئەۋج ئالدى. باشلىغىم بىر نەرسىنى ئېسىگە
ئالغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى ۋە:

—رەھىمجان، بايا كىرگەن ھىلىقى ئاق يۈزلۈك قىزنى
تونۇدىڭىزمۇ، مەن بىر يەردە كورگەندەك قىلىمەنغۇ،—دىدى
ئۇزىمۇ سەل گۇمانلانغاندەك بولۇپ.

—ئۇ، ھىلىقى...ناھىيىنىڭ سەيگۇيۇەنىنىڭ قىزى ئەمەسمۇ؟

—ھە!—باشلىق بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ
كەتتى، خۇددىنى يوقاتقاندەك بىرقانچە قېتىم ئولتۇرۇپ، بىر-
قانچە قېتىم تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى قاڭقىپ تۇرغان
پوڭزەككە ئوخشايتتى.

—توغرا-توغرا!، ئاخشاملا ئۇلارنىڭ ئويىدە زىياپەتتە
بولدۇم ئەمەسمۇ، ھەي كاللا، ساق كاللىنىمۇ ساراڭ قىلىدۇ-دە
بۇ خەق،—ئۇ تاسادىپىلا ئاخشامقى زىياپەتنى تىلغا ئالدى.
بىراق بىر ھەپتە ئىلگىرى ئويىگە كەلگەن گوش-پوشلەرنى
تىلغا ئالمىدى. ئۇ دەرھال سىرتقا چىقتى ۋە توپ ئارىسىدىن
ھىلىقى قىزنى ئىشارە قىلىپ چاقىردى.



—سىزنى زادىلا تونۇماپتىمەن قىزچاق،—دىدى باشلىق
خۇش چىراي بىلەن،—كوپچىلىك دىمەمسىز، قارىمامسىز
مۇنۇ مۇتىھەملەرنى، خاپا بولماڭ، مەن، مەن،—ئۇ نىمە
ئۇچۇندۇ ماڭا قارىدى ۋە:

—ھە، رەھىمجان، ھىلىقى مۇتىھەم خوتۇننى كېيىن بىر
تەرەپ قىلارمىز، شۇنىڭغا دىگەن سانىنى بۇ قىزغا توغرىلىۋېتە-
ڭا،—دىدى-دە، ئۇزى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

—ئالۇ، ئالۇ،—ئۇ ئىزدىگەن يېرىنى تاپتى،—ھە، ھە،
مەن، مەن، سا كوجاڭ...ھە، ھە، رەھمەت،...شۇنداق، سىز
ئۇچۇندە...ھە، توغرا، چۇشتىن كېيىن...سەل كەچرەك كەلسۇن،
چاتاق يوق،...توغرىلاپ قويدۇم، ھە، راست، شەھەردە 3-4
ئورۇن بار، ئويلىنىپ باقار، قايسىنى تاللىسا مەيلى...شۇنداق،
دولەت ئىشتاتىدا، ھە،ھە...شۇنداق، شۇنداق، خەير، خەير،—
باشلىق تۇرۇپكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىرقانچە قېتىم ئېگىلىپ
خەيرلەشتى.

—ھە، قىزچاق، مەنمۇ كورۇشەرمەن، بىراق بايىقى ئىشنى
دادىڭىزغا ئېيتىپ قويماڭ، تونۇمىغانلىقتىن بولدى، ئەپۇ
قىلىڭ،—ئۇ قەغىزنى ئېلىپ ماڭغان قىزنى ئىشىككىچە ئۇزد-
تىپ قويدى ۋە:

—ۋاي ئېسىم، بەك سەت بولدى-دە،—دىگىنىچە ئويلە-
نىپ قالدى.

—توختا، دىككىدە بېرىپ ئەھۋالنى ئوزەم ئېيتاي، كېيىن

www.uyghurkitap.com

يەنە كىرەك ئادەم ـ دە، ئۇقۇشماي قىزىنى خاپا قىلدىم، ئەسـ ـ تەغپۇرۇللا...ـ باشلىق ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ خۇددى كۆرۈك توخۇغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك بولۇپ قالىدىغان كۆنلىرىمۇ يېقىنلاپ كەلـ ـ مەكتە ئىدى.

1980 ـ يىل 3 ـ ئاي، غۇلجا.

深情厚意

（短篇小说选）

（维吾尔文）

托乎提阿洪·纳赛尔著

责任编辑：阿不都拉

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：4 1/4

1982年10月第1版

1982年10月北京第1次印刷

数：00001—11,000册 定价：0.22元

书号：M10049(4)135